شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى

新疆教育报（维吾尔文）

XINJIANG EDUCATION WEEKLY

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى
CN65-0060/G4
ۋەكالەت نومۇرى: 140 - 57

28

1995 - يىل 3 - ئاي
(ئومۇمىي 254 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەشر قىلىنىدۇ

لى لەنچىڭ سىياسىي كېڭەشنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى

مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم

«جۇڭگو مائارىپى گېزىتى» خەۋىرى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ يېقىندا سىياسىي كېڭەشنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر كۆپچىلىك كىشىلەر ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھەم يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان 21- ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشتىكى پۇرسەت ۋە رىقابەتكە بولغان مۇھىملىقىنى بارغانسېرى تونۇماقتا، مائارىپنىڭ ئالدىن راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ستراتېگىيىلىك ئورنىغا بولغان تونۇشى خېلى ئۆستى، بۇ بىزنىڭ مائارىپنى يەنىمۇ ياخشى باشقۇرۇشىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىدىيىۋى ئاساسى.

لى لەنچىڭ مۇنداق دېدى: مائارىپ سېلىنمىسى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مائارىپ سېلىنمىسىنى ئىمكان قەدەر تىرىشىپ ئاشۇرۇشى لازىم. بۇ مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىشتا ئەلۋەتتە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىغا تايىنىش كېرەك. مائارىپنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشقا تايىنىپ، مائارىپ مەنبەسىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تەلىم-تەربىيە سۈپىتى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم.

لى لەنچىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھازىر بىر خىل ھادىسە بار، يەنى تەرەققىي تاپقان رايونلارمۇ، نامرات رايونلارمۇ ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرماقتا. بۇ ئەلۋەتتە كۆپچىلىكنىڭ مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، لېكىن يېڭى بىر ئالىي مەكتەپنى باشقۇرۇش ئېيتماققا ئوڭاي، ئىختىساسلىقلارغا ئېھتىياجلىق بولغان جايلار ھازىر بار بولغان ئالىي مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇشنى قوللىسا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرسە، ئۇلار ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ بېرىدۇ، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىش ھاجەتسىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ، كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

ئۇ مۇنداق دېدى: سىفەن مائارىپىنى باشقۇرۇش مەملىكىتىمىز مائارىپىنىڭ ئەنئەنىسى، جۇڭگوچە مائارىپنىڭ گەۋدىلىنىشى، شۇنداقلا ئاساس مائارىپنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ، سىفەن مائارىپنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئاقسۆڭەكلەر مەكتەپلىرى بىلەن خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنى شارائىت يار بەرسە قۇرۇش، ئاللىقاندار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۇنى قوللاش لازىم. ئاقسۆڭەكلەر مەكتەپلىرى ئاقسۆڭەكلەرنى تەربىيىلەشنى نىشان قىلىدۇ، مائارىپ فاڭجېنى ۋە پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئۇلار مەنپەئەتنى قوغلىشىدۇ. ئاقسۆڭەكلەر مەكتەپلىرىگە قارىتا بىز تۈپتىن قارشى تۇرىمىز.

دۆربىلجىن ناھىيىلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈردى

ئۆز مۇخبىرىمىز غوپۇر ئابدۇكېرىم خەۋەر قىلىدۇ: دۆربىلجىن ناھىيىلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپ 1986- يىلى 10- ئايدا قازاق ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئايرىلىپ چىققان بىردىنبىر ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپ قۇرۇلغان توققۇز يىلدىن بۇيان، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ياش بولۇش، تەجرىبە سايمانلىرى كەمچىل بولۇش، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولۇش قاتارلىق بىر قاتار قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمگە بولغان كۈچلۈك ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە كەسپىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مەۋقەنى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قارىتىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا ھېچ قانداق ماددىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يېلىمۇ يا[illegible]

پەنلەر ۋە دەرس تۈرلىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي پەن تۈرى بويىچە «ھەۋەسكارلار» پەسىللىك ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئاشۇرۇشقا ئاساس سېلىپ بەردى.

بۇ مەكتەپ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاساسلىق كۈچنى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قاراتقانلىقتىن، مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارغا ئۆتۈش نىسبىتى 1992- يىلى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 21.6 پىرسەنتىنى، 1993- يىلى 41.3 پىرسەنتىنى، 1994- يىلى 52 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ناھىيىدىكى ئوقۇتۇش سۈپىتى بىرقەدەر يۇقىرى مەكتەپلەر قاتارىدىن ئورۇن [illegible]

ئاپتونوم رايونىمىزدا 340 مىڭدىن ئارتۇق ئايال ساۋاتسىزلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى

ئۆز خەۋىرىمىز. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاياللار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان ئون ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ، «ئاياللار ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ، كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللار ئارىسىدا «ئۇچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش» (يەنى، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، سىياسىي ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، ئىنتىپاقلىشىش، نەتىجە يارىتىش، تۆھپە قوشۇش) پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. جايلار ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە ئەمەلىي تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى بىللە ئېلىپ باردى. ھەرخىل تۈردىكى ئۆگىنىش سىنىپلىرىنى، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا بىلەن تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق، رايونىمىزدىكى 340 مىڭدىن ئارتۇق ئايال ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى. 900 مىڭدىن ئارتۇق ئايال بىردىن ئارتۇق ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىنى ئىگىلىدى. ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پائال رول ئوينىماقتا.

تارباغاتاي ۋىلايىتى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش بويىچە ئىشلەپچىقىرىش پىلانى يىغىنى چاقىردى

ئۆز مۇخبىرىمىز غوپۇر ئابدۇكېرىم خەۋەر قىلىدۇ: تارباغاتاي ۋىلايىتى يېقىندا ۋىلايەتكە قاراشلىق ئالتە ناھىيە، بىر شەھەر ۋە ۋىلايەتكە قاراشلىق تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەخسۇس خادىملارنى چاقىرىپ، 1994- يىللىق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش ۋە 1995- يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 1994- يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان مەكتەپلەر 616 گە، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش بازىسى 522 گە، چارۋا مال 5594 تۇياققا يەتكەن. 1994- يىلى بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى سانى 141 مىڭ 981 گە يېتىپ، يارىتىلغان ساپ پايدا 9 مىليون 411 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، ۋەزىپىدىن 1 مىليون 810 مىڭ 360 يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان. ساپ پايدىدىن 618 مىڭ يۈەننى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا، 13 مىڭ 733 يۈەننى ئوقۇتۇش ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىشقا ئىشلەتكەن.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 1994- يىلى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئۆز يېرىنىڭ ۋە ئۆز مەكتەپلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئۆز رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

تارباغاتاي ۋىلايىتى 1994- يىللىق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش ۋە ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىدا 1995- يىللىق تىرىشىش نىشانىنى مۇنداق بېكىتتى:

1. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ مەكتەپلەردە ئومۇملىشىش نىسبىتىنى 98% كە يەتكۈزۈش، قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار سانىنى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 90 پىرسەنتىگە يەتكۈزۈش.

2. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىدىن قىلىنىدىغان ساپ كىرىمنى مۇقىم سۈرئەتتە ئاشۇرۇپ، 10 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىش. ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمنى 40.25 يۈەنگە يەتكۈزۈش.

3. ساپ كىرىمنى 10 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزىدىغان مەكتەپلەرنى 383 كە يەتكۈزۈش؛ 100 مىڭ يۈەندىن 300 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزىدىغان مەكتەپلەرنى 25 كە؛ 300 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى كىرىم قىلىدىغان مەكتەپلەرنى تۆتكە يەتكۈزۈشنى بېكىتتى. يىغىن ئاخىرىدا، ئۆتكەن يىللىق ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان ناھىيىلەر ۋە چۆچەك تىببىي مەكتىپى قاتارلىق ئۈچ ئورۇندىكى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل خادىملار 500 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاندى.

ئاشۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىغا تايىنىش كېرەك. مائارىپنىڭ

ئۇ مۇنداق دېدى: سىنەن مائارىپنى باشقۇرۇش مەملىكىتىمىز مائارىپىنىڭ ئەنئەنىسى،



يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ سىستېمىسى كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، 1995- يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

سۈرەتتە: كومىتېت مۇدىرى نۇسرەت، مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ ياڭ، سادىر قادىر ۋە باشقا ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار دۆلەت مائارىپ كومىتېتىغا يوللايدىغان كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكىنى مۇزاكىرە قىلماقتا.

ئۆز مۇخبىرىمىز فوتوسى

بىردىنبىر ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپ قۇرۇلغان توققۇز يىلدىن بۇيان، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ياش بولۇش، تەجرىبە سايمانلىرى كەمچىل بولۇش، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولۇش قاتارلىق بىر قاتار قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمگە بولغان كۈچلۈك ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، تۆرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە كەسپىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مەۋقەنى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قارىتىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا ھېچ قانداق ماددىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ تەلىم- تەربىيە ئىشلىرىدا ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتى.

بۇ مەكتەپ تۈنجى قەدەمنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى كۈچەيتىشتىن باشلاپ، ئوقۇش تارىخى تولۇق بولمىغان ياش ئوقۇتقۇچىلارنى ھەرقايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنى پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا، لوگىكا قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

بۇ مەكتەپ دەرسخانا ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنى دەرسلىك پروگراممىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا، ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەرنى ئەستايىدىل تەييارلاشقا يېتەكلەپ، تەجرىبە دەرسكە يېتەكچىلىك قىلىش، ئوقۇتۇش مەقسىتى، ئوقۇتۇش مېتودى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇشى ئۇسۇلى، دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن 2- دەرسخانا پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەش قاتارلىق جەھەتلەرگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى قوزغىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

بۇ مەكتەپ يەنە، 2- دەرسخانا پائالىيىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر يىلى مەكتەپتە يىللىقلار ئارا ماتېماتىكا، خىمىيە، يېزىقچىلىق، گرامماتىكا قاتارلىق

چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئاشۇرۇشقا ئاساس سېلىپ بەردى.

بۇ مەكتەپ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاساسلىق كۈچنى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قاراتقانلىقتىن، مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارغا ئۆتۈش نىسبىتى 1992- يىلى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 21.6 پىرسەنتىنى، 1993- يىلى 41.3 پىرسەنتىنى، 1994- يىلى 52 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ناھىيىدىكى ئوقۇتۇش سۈپىتى بىرقەدەر يۇقىرى مەكتەپلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

سۈرەتتە: ئىلغار ئورۇنلارغا تەقدىرنامە تارقىتىپ بېرىلمەكتە.

مارالبېشى ناھىيىسى مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى قەدىمىنى تېزلىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **ئەخمەتجان يۇسۇپ** خەۋىرى. مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېقىندا ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، بۇندىن كېيىنكى مائارىپ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى چىڭ تۇتۇلىدۇ. پارتىيىنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ. مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمدارلىقى ئۆستۈرۈلىدۇ.

2. تەلىم- تەربىيە، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۆتكىلىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىنىدۇ، مائارىپ ئىسلاھاتى، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى خىزمىتىنى ئاساس، سىياسىي- ئىدىيىۋى تەربىيە، ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنى يېتەكچى قىلىش پرىنسىپى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلىدۇ.

3. «توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»، «قۇراسىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» قاتارلىق قانۇن- نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىدۇ. بۇ يىل 8- ئاينى يۇقىرىقى «ئۈچ قانۇن»نى تەشۋىق قىلىش ئېيى قىلىپ، مەخسۇس تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلىنىدۇ.

4. يېزا (بازار) مەيدانلارنىڭ پارتكوم شۇجىلىرى ئۆز ئورۇنلىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىق ۋەزىپىسى ۋە مەكتەپنىڭ 1- مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى، ھەرقايسى كەنت (ئاھالە كومىتېت) پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىق ۋەزىپىسى ۋە مەكتەپلەرنىڭ 1- مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش، مەكتەپلەردىكى تۆت نىسبەتنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش خىزمىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ.

5. مائارىپتىكى «ئىككىنى ئاشۇرۇش» خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ. ناھىيە بازىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە خىراجىتىنى ھەل قىلىشقا ناھىيە مالىيىسى، يېزا (بازار) مەيدانلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە خىراجىتىنى ھەل قىلىشقا يېزا (بازار) مەيدانلار مەسئۇل بولىدۇ. ئىجتىمائىي كۈچلەر ۋە شەخسلەرنىڭ مائارىپقا پۇل ئىئانە قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلىدۇ.

6. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ھازىر كەم بولۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ھەرخىل ئامىللار بىلەن تولۇقلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ.

7. ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈكىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېغىر بولۇپ كېتىشىگە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ.

8. كەسىپ- تېخنىكا مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپى خىزمىتى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. دېھقان- چارۋىچىلارنى پەن- تېخنىكا بىلەن تەربىيىلەش ۋە ساۋات چىقىرىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلىدۇ. بۇ يىل ئالدىنقى يېرىم يىلدا يېتەكچى خاراكتېردىكى بىر كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر بىر يېزا (بازار) مەيداندا يېتەكچى خاراكتېردىكى مەركىزىي باللار باغچىسى قۇرۇش خىزمىتى ئىشلىنىدۇ.

پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازارلىق «ئۈچكۆۋرۈك» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ تىل- ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى پاتەمخان ئىمىن مائارىپ سېپىدە ئىشلىگەن 18 يىلدىن بۇيان، بارلىقىنى ياش- ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشكە بېغىشلاپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتىنى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈردى ۋە يېزا، ناھىيە بويىچە «مۇنەۋۋەر مائارىپچى»، «ئىلغار خىزمەتچى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس»، «8- مارت قىزىل بايراقدارى» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى. ئۇ يەنە ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

سۈرەتتە: پاتەمخان ئىمىن ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيە- ئەخلاق دەرسلىك كىتابىنى ئوقۇپ چۈشەندۈرمەكتە.

سىيىتنىياز سايىم خەۋىرى، فوتوسى

پوسكام ناھىيىسى ئوقۇتقۇچىلارنى سىياسىي ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **نۇرمۇھەممەت روزى** خەۋىرى. پوسكام ناھىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوقۇتقۇچىلارنى سىياسىي ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى. ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى، مائارىپ ئىدارىسى مەسئۇللىرىنىڭ بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلەپ ئۆلگە كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەتتە تۇرۇپ تەربىيىلەشنى ئاساس، خىزمەتتىن ئايرىپ تەربىيىلەشنى قوشۇمچە قىلىپ، نۇقتا ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇردى.

ئوقۇتقۇچىلارنى ئىدىيىۋى- سىياسىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى ئۆستۈردى. پارتىيىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىغا ئائىت مۇھىم ھۆججەتلەرنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ئۆتكەن بىر يىلدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يەككە پەنلەر بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى % 91 كە يەتكۈزدى. تەربىيىلەش خىزمىتى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتۇلغاچقا، ناھىيە بويىچە ئوقۇش تارىخىنى تولۇقلىغان ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ % 67.2 كە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ % 89.8 كە، يەسلىنىڭ % 80 كە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا زور يۈكسىلىشلەر قولغا كەلدى.

بۇگۇر ناھىيىسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ھۈسەن خالىم خەۋىرى. بۇگۇر ناھىيىسى مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، مائارىپنىڭ ئالدىن راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ستراتېگىيىلىك ئورنىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى قاتلاممۇقاتلام كۈچەيتىپ، ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە مائارىپقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. بۇنىڭغا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى مەسئۇل قىلىندى. ئۈچ دەرىجە بويىچە مەسئۇلىيەت توختامنامىسى ئىمزالاپ، ۋاقتى- ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ خۇلاسە قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە تەۋەسىدە ھەممە ئادەم مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. ئۆتكەن يىلى دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1800 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى مەكتەپ ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ سېلىپ، خەتەرلىك ئۆيلەرنى تۈگەتتى. ناھىيە بويىچە ياخشىلانغان مەكتەپ ئىمارەتلىرى 27 مىڭ 589 كۋادرات مېترغا يەتتى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتى ئۆستى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش، ئومۇملىشىش، مۇستەھكەملىنىش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى 1993- يىلدىكىدىن ئومۇميۈزلۈك ئاشتى.

ئەنجۈر ماكانى ۋە مەرىپەت ئوچىقى - تىجەن

ئابدۇراخمان مامۇت دىيار

1990- يىلى 9- ئاي. ئاتۇش باغلىرىدىكى مېۋىلەر پىشىپ ۋايىغا يەتكەن كۈنلەردە، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىم تىجەن مەكتىپىگە كەلدى. تىجەن- سەيپىدىن ئەپەندىم مائارىپ قوشۇنىغا تۇنجى قەدەمنى باسقان خاسىيەتلىك زېمىن، ئۇنىڭ شانلىق ھايات مۇساپىسىنىڭ ھەققىي گۇۋاھچىسى، ئۇنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ قەدىرلىنىدىغان مۇقەددەس گۆھەر ماكان.

1934- يىلى - سەيپىدىن ئەپەندىمنىڭ ياشلىق ئوتى خەلقنىڭ مەرىپەتكە بولغان ئىنتىلىشى بىلەن قوشۇلۇپ، يالقۇنجاپ تۇرغان چاغلار ئىدى. ئۇ ئاتاقلىق پىداگوك، تالانتلىق شائىر مەھەممەتئېلى ھاجى تەۋفىق (1901 - 1935)نىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىدا ئاچقان دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەن تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ، ساۋاقداشلىرى ئابدۇل بارى، ئابدۇرېشىت ئىمىنھاجىم، ۋارىس ئىسلام ھاجىملار بىلەن تىجەن مەكتىپىگە باش مۇئەللىم (مۇدىر) ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەن. شۇ يىللاردا سېلىنغان كارىدورلۇق سىنىپ، ئىشخانىلار ئۆز ئەينىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ سەيپىدىن ئەپەندىم ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى 13- قېتىملىق مۇدىر ئابدۇغوپۇر موللا رېھىم ھاجىمدىن ساۋاقداشلىرىنى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى سورىدى. مۇدىر ئابدۇغوپۇر تىجەن مەكتىپىنىڭ تۇنجى ئوقۇغۇچىسى موللا رېھىم ھاجىمنىڭ ئوغلى ئىدى. دارىلمۇئەللىمىندە بىللە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلىرىدىن ئابدۇراخمان سەمەر ئەپەندىمنىڭ ئۆيى مەكتەپكە قوشنا بولۇپ، تېنى ساغلام تۇرۇپتۇ.

سەيپىدىن ئەپەندىم ساۋاقدىشى ئابدۇراخمان ئەپەندىم، ئوقۇغۇچىسى موللا رېھىم ھاجىم ۋە 30- يىللار مائارىپىنىڭ ئاتۇشتىكى بىردىنبىر تۆۋرۈكى بولغان مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى بوران- چاپقۇنلاردا ئامان- ئېسەن ساقلاپ كەلگەن ھازىرقى مۇدىر ئابدۇغوپۇرلار بىلەن سۈرەتكە چۈشتى. بۇ سۈرەت سەيپىدىن ئەپەندىمگە چەت ئەللەردە ھەشەمەتلىك مەرمەر پەللەمپەيلىك بىنالار، پال- پۇل داچىلاردا چۈشكەن سۈرەتلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق شادلىق بېغىشلىدى.

سەيپىدىن ئەپەندىمنىڭ تىجەن مەكتەپكە كېلىش شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەر داۋامىدا تىجەننىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئەسلىمىلەردىن بۇ ئەنجۈر ماكانىدا ئىلىم - مەرىپەت نۇرلىرىنىڭ ئۆتكەن ئەسىردىن باشلاپ چاقناپ كېلىۋاتقانلىقى نامايان بولدى.

تىجەن ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىككى ساينىڭ ئوتتۇرىسىدا شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان ئۇزۇنچاق كەنت. يەر مەيدانى ئاز، نوپۇسى كۆپ. 2659 مو زېمىندا 2451 كىشى خۇددى ئىناق بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بىر- بىرىگە كۆيۈنۈپ ياشايدۇ. باغۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئەنجۈرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق. ئۆتكەن يىلى ئەنجۈر ۋە ئۈزۈمدىن 40 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان باغۋەنلەر يېتىشىپ چىقتى. يۇرتنىڭ «تىجەن» دېگەن نامى فرانسۇزچە «ئەنجۈر» دېگەن سۆز. تىجەندىكى 400 يىللىق ئەنجۈرلەرنىڭ تارىخى ۋە پىشقەدەملەرنىڭ نەسەبلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەنجۈر يۇقىرىقى تىجەندىن ئاياغ [illegible]

[illegible]

قۇربان ھاجىم بۇخارا، قازان، ئىستانبۇللارغا بېرىپ مائارىپ، ئىلىم، پەننىڭ [illegible]

[illegible]

پارتىيە ئورۇندۇقلارنى سەمەرباي ياسىتىپ بەردى. بۇ مەكتەپتە تۈركىيىلىك [illegible] ئەپەندىم، ئۇنىڭدىن كېيىن [illegible] ئوقۇتقۇچى بولدى. بۇ مەكتەپكە بىرىنچى قارارىدىلا سەمەر باينىڭ ئىككى ئوغلى ئابدۇراخمان سەمەر، ئابدۇرېشىت سەمەر ۋە [illegible]، ئابدۇراخمان ياسىن، [illegible]، مۇھەممەت زۇنۇن دادام مامۇت يۇسۇپ قاتارلىق 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

1925- يىلى [illegible] يېڭىچە مەكتەپ سالدۇرغان مەرىپەتچى ئۆلىما ئەمەت ھاجىم تىجەننىڭ [illegible] ئۆز نامىدا يېڭى مەكتەپ قۇرۇپ، بىرىنچى قارارىدىلا 80 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئوقۇتقۇچىسى قەشقەرلىك مۇھەممەت شاۋكەت ئىدى. ئۇ قاتتىق قول، تەلەپچان، تەجرىبىلىك بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا يۇقىرى تەلەپ قوياتتى. [illegible] 80 نەپەر ئوقۇغۇچى [illegible] قوبۇل قىلىنىپ، ئۈچ سىنىپقا بۆلۈندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ تەمىنات بېكىتىلدى. ھەقسىز ئوقۇيدىغانلار «مەنجانەن» دەپ ئاتالدى. ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەنلىكتىن، تۆۋەن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا يۇقىرى يىللىقتىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن مۇھەممەت ئىمىن، ئابدۇغوپۇر قۇربان ھاجىم، ئابلەت تىلىۋالدى قاتارلىقلار ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولدى. بىر يىلدىن كېيىن ئەمەت ھاجىم يۇرتتىكى مۆتىۋەرلەرنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرىنى يىغىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن نەق مەيداندا ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتناشتۇردى. ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاننى دوسكىغا چىقىپ، خۇددى ئوقۇتقۇچىلار ئوچۇق دەرس ئۆتكەن ئۇسۇلدا بەردى. ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەمەت ھاجىم ئوقۇغۇچىلارغا، ئاتا- ئانىلارغا، مېھمانلارغا زىياپەت بېرىپ، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلىدى. ئازاقلىق مەمتىلى ھاجىم، سۈنتاغلىق مامۇت لوزوڭلارمۇ 10 تەڭگىدىن مۇكاپات پۇلى بەردى.

ئوقۇتۇشتا قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلار تۈركچە بولۇپ، ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرگەندە سىنىپ باشلىقى «قىيام» دېسە ئوقۇغۇچىلار ئورنىدىن تۇراتتى، «جۇلۇش» دېگەندە ئولتۇراتتى. دەرسنىڭ توغرا، خاتاسىنى تەكشۈرۈشنى «مىزان» دەيتتى. جاۋاب توغرا بولسا، مۇئەللىم «ئاپىرىن» دەيتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى «نان خورەك» دەپ ئاتىلاتتى. مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇددىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ بېكىتىلگەن بولۇپ، ئەلاچىلارغا ئىككى يىل، نەتىجىسى ئەلاچىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۈچ يىل ئىدى.

ئەمەت ھاجىم مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى چىڭ تۇتۇلغان بولۇپ، ھەپتىدە بىر قېتىم ئاتۇشنى ئايلىنىپ «ئەسۋابادا» ناملىق ئوقۇغۇچىلار مارشىنى ئوقۇيتتى. بۇ مارشنا خوراپاتلىق تەنقىد قىلىنىپ، ئىلىم- مەرىپەتكە مەدھىيە ئوقۇلاتتى.

يەنىي مەكتەپ ئەمدىلا باش كۆتۈرۈۋاتقان شۇ يىللاردا ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ باشقۇرۇش ئورگانلىرى بولمىغاچقا، مەكتەپلەرنى مەھكىمە شەرئىيلەر باشقۇراتتى، شۇڭلاشقا مەكتەپلەر پات- پات جەدىتلىكتە ئەيىبلىنىپ تۇراتتى. زىيالىيلارمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇراتتى.

1934- يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن، كېيىن تىجەندە ھازىرقى 1- مەكتەپ قۇرۇلۇشى باشلاندى. مەكتەپ پۈتۈپلا شەنلى مەكتەپ (ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى مەكتەپ)كە ئۆزگەرتىلدى. شۇ چاغدىكى تۇنجى مۇدىر سەيپىدىن ئەپەندىمدىن ھازىرقى مۇدىر ئابدۇغوپۇر موللا رېھىم ھاجىمغىچە بولغان ئارىلىقتا ناسىرئاخۇن خەلپىتىم، موللا ئەيسا خەلپىتىم، پالتا ھاجى، زوردۇن تىلىۋالدى، ئابلىز تىلىۋالدى، ئابدۇسەمەت ھەسەنھاجى، مەھەممەت جامال، رابىيە زىياۋۇدۇن، غۇلام ئېزىز، چوڭ رەخمان قاتارلىق 11 نەپەر مۇدىر بىر- بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. 60 يىل ئىچىدە 16 مىڭ 744 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى دۆلەت ئاتلاپ ئوقۇپ ئالىي مەلۇماتلىق، ئىختىساسلىق زىيالىيلارغا ئايلاندى. بىر قىسمىلىرى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندا مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلدى. تىجەندە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 600 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلار تىجەن ئاھالىلىرىنىڭ 4/ 1 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. يىلدا تەخمىنەن 25 نەپەر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە بارىدۇ. شۇڭا تىجەننى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئاھالىلەر ئىچىدىكى نىسبىتى تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

[illegible]

ئۇيغۇر ئالىمى، پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاپات بولدى

مەرھۇمنىڭ 1983- يىلى 50 يېشىدا قىرغىزىستاندا چۈشكەن سۈرىتى.

خەلقىمىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئالىمى، مۇتەپەككۇرى، پروفېسسور، شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1995- يىلى 2- ئاينىڭ 27- كۈنى ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 17 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە كېسەل سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 62 يېشىدا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى. بۈگۈن خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئالىي مائارىپ مۇنبىرىدىكى يارامىلىق بىر ئەزىمىتىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئىلىم- پەن، ئەدەبىيات- سەنئەت ساھەسىدىكى بىر گىگانت دەرەخ غولاپ چۈشتى.

مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1933- يىل (توخۇ يىلى) 9- ئاينىڭ 28- كۈنى ئاتۇشنىڭ مەشھەت بازىرى بېيندىكى باغېرىق كەنتىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە تاماملىغان. 1950- يىلدىن 1955- يىلغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى بىئو- خىمىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان ۋە شۇنىڭدە غەربىي- شىمال داشۆسىنىڭ ئاسپىرانتلىق بۆلۈمىدە تەبىئەت ئىلمى ۋە پەلسەپە پەنلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان.

ئۇ ئالىي مائارىپ سېپىدە 40 يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، سان- ساناقسىز شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. بىر نەچچە ئاسپىرانت تەربىيىلىگەن. ياپونىيىلىك دوتسېنت جۇي جى ئەپەندىگە مەخسۇس ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بولغان. شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورلۇقىغا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا ۋە شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ پەخرىي پروفېسسورلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. ئۇ ھاياتىدا يەنە ئۇنىغا يېقىن ئىلمىي جەمئىيەتكە قاتناشقان، ياپونىيىنىڭ توكيو قاتارلىق شەھەرلىرىدە تەكلىپ بىلەن لېكسىيە سۆزلىگەن. جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى مەشھۇر پەيلاسوپلىرى ۋە ئالىم، سەنئەتكارلىرى قاتارىدا لۇغەت ۋە قامۇسلارغا كىرگۈزۈلگەن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان ۋە ئېلان قىلدۇرغان. ئۇ تارىخ، پەلسەپە، ئېستېتىكا ساھەلىرىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ، قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، بىلىمى مول، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، ئانالىز قىلىش، خۇلاسىلەش ئىقتىدارى ئالاھىدە ئۇنۇملۇك تالانت ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشتىكى كۈچلۈك خاراكتېرى، ئىگىلمەي- سۇنماي تىرىشىپ ئۆگىنىش روھى، مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك پىداكارانە خىسلىتى ۋە ئۆتكۈر زېھنىي كۈچى ئۇنى زامانداشلىرىنىڭكىدىن سان ۋە سۈپەت جەھەتتە كۆپ ئارتۇق بولغان مول ئىلمىي ۋە ئىجادىي ئەمگەكلەرنى يارىتىش بەختىگە مۇيەسسەر قىلغان.

بۇ ھارماس قەلەمكەش ئۆز ھاياتىدا «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى (ئون ئىككى مۇقام) ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا- ئۇسسۇل سەنئىتى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، «ئائىلە مەدەنىيىتى»، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزىنىسى»، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»، «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى خەزىنىسى»، «قارلىق تاغ شەجەرىسى»، «چوغلۇق»، «دىۋان ھەمرايى»، «مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم»، «ئىزگۈلۈك مەلىكىسى»، «سەۋدالىق تەنەججۇپنامىسى»، «ئارىفنامە»، «باھارىيات»، «غەزەلىيات»، «ئاق توز»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە)، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە تارىخى» باشقىلار بىلەن بىرلىكتە) قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدا بوستانلىق بىلەن قۇملۇقنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى»، «كۆك قوزى ۋە ئىدىقۇت مەدەنىيىتى»، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى»، «ھەققەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەققىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «ئۇيغۇرلاردا مەي مەدەنىيىتى»، «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى» قاتارلىق 200 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالە يېزىپ، 170 پارچىدىن ئارتۇقراقىنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. 2000 پارچىگە يېقىن شېئىرنى، 50 پارچىگە يېقىن نەسرىنى ئېلان قىلدۇرغان. «كومرا جىۋا»، «كۈسەن مەلىكىسى» ناملىق ئىككى كىنو سىنارىيىسىنى ئېلان قىلدۇرغان. «فارابى» ناملىق رومانى بىلەن «ئانالىتىك پوئېتىكا» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىپ پىرىملاشتۇرغان. كىشىنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، تىنىم تاپماس بۇ ئالىم ئۆزىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىلمىي ئەمگىكى بولۇپ قالغۇسى ئەسىرى توققۇز توملۇق «تۇران تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ تېخى بىرىنچى، ئىككىنچى توملىرىنى يېزىپ تاماملاپ، ئۈچىنچى تومىنى باشلىغان ئىدى. مىڭ ئەپسۇس! ۋاپاسىز پەلەك ئالىمنى ئارمانىغا يەتكۈزمىدى! ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ مۇشەققەتلىك مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىپ، باشقىلار ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىش بىلەن ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان بۇ ئالىم توپا ئاستىغا مەڭگۈلۈك كىرىپ كەتتى. نەۋائى: «ئىلىمدە بىر ئادەم ساھىبقىران بولغىچە 30 يىللىق بىر دەۋر ئۆتىدۇ» دېگەن ئەمەسمىدى! «ئالىم بولۇش ئاسان ئەمەس» ئىدى، ھەي ئېسىت! بىز بىر ئالىمىمىزدىن ئايرىلدۇق.

بىزنىڭ بۇ ئالىمىمىز مانا بۈگۈنكى كۈندە كلاسسىك شائىر ئابدۇراخمان جامى يازغاندەك:

«يادىڭدىمۇ، ئېيتچۇ سەن تۇغۇلغاندا،
ھەممە كۈلگەن ئىكەن سەن يىغلىغان،
شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا،
ھەممىلەن يىغلىسۇن، سەن ماڭغىن خەندان»

ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ ئارىمىزدىن كەتتى.

ئالىم، پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

يالقۇن روزى، جاسارەت تاش

قەلبىمدىكى ئىلاھ

- ئۇستازىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە مەرسىيە

- تەلئەت قادىرى

ئەمەت ھاجىم، سەمەر بايلار تىجەندىن چىقىپ، جاھان كېزىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قۇياش ئىزدەپ، تىجەندە پەننىي مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن كۆپ رىيازەتلەرنى چەكتى. بۇلار بىر- بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، جاھالەت بورانلىرىدا ئۆچۈۋاتقان مەرىپەت مەشئەللىرىنى ياندۇردى.

قۇربان ھاجىم بوخارا، قازان، ئىستانبوللارغا بېرىپ ماتارىپ، ئىلىم- پەننىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان تەرەققىياتلىرىنى كۆردى. ئۇ مەرىپەتچىلەرنى دوست تۇتۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ مەشھۇر ماتارىپچى ئەخمەت كامالنى تۈركىيەدىن تەكلىپ قىلىپ، 1884- يىلى مەھەللىسى ئاق مەيداندا پەننىي مەكتەپ قۇردى. بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى، ئاتاقلىق ماتارىپچى، تالانتلىق شائىر تەۋپىقدۇر. ئاتۇش زېمىنىدا سەھەردىكى چولپاندەك چاقناپ تۇرغان بۇ پەننىي مەكتەپ خۇراپاتچى، پوشكالچى دىندارلارنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغاچقا، ئۇلار شۇ چاغدىكى ئىستىبدات ھۆكۈمەتكە پەننىي مەكتەپ «جەدىت» دەپ ئەيىبلەپ، مەكتەپنى تارقىتىۋەتتى. ئەخمەت كامالنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن قاسىم ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە (تەۋپىقنىڭ ساۋاقدىشى) ئوقۇغۇچىلار مۇنداق قوشاقلارنى يازغان:

ئىستانبولدىن كەلدى ئەخمەت، مىڭ- مىڭ ياشا مەرىپەتچىلەر،
مەرىپەتچىلەر قىلدى ھۆرمەت. زاۋال تاپسۇن ئۆمەر ھەزلەك.

(ئۆمەر ھەزلەك، خۇراپاتچى چوڭ سودىگەر. ئۇ ئاق مەيدان پەننىي مەكتەپنى تاقىۋېتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.)

ئەخمەت كامال يۆتكىلىپ كەتتى. مەكتەپنى خۇراپاتچى جاھىللار تارتىۋالدى. سىيىت ئاخۇن خەلپىتىم دىن دەرسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى...

1923- يىلى تەرەققىپەرۋەر سەمەرباي، موللا ئېزىز داموللاملارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاق مەيداننىڭ سەل يۇقىرىسىدا ھۆكەدە پەننىي مەكتەپ ئەسلىگە كەلدى.

مەكتەپ)كە ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شۇ چاغدىكى تۇنجى مۇدىر سەييىدىن ئەپەندىدىن ھازىرقى مۇدىر ئابدۇغوپۇر موللا رەھىم ھاجىغىچە بولغان ئارىلىقتا ناسىر ئاخۇن خەلپىتىم، موللا ئەيسا خەلپىتىم، پالتا ھاجى، زوردۇن تىلىۋالدى، ئابلىز تىلىۋالدى، ئابدۇسەمەت ھەسەنھاجى، مەھەممەت جامال، رابىيە زىياۋۇدۇن، غۇلام ئېزىز، چوڭ رەخمان قاتارلىق 11 نەپەر مۇدىر بىر- بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. 60 يىل ئىچىدە 16 مىڭ 744 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى دۆلەت ئالىي ئوقۇپ ئالىي مەلۇماتلىق، ئىختىساسلىق زىيالىيلارغا ئايلاندى. بىر قىسمىلىرى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندا مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلدى. تىجەندە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 600 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلار تىجەن ئاھالىلىرىنىڭ 4/ 1 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. يىلدا تەخمىنەن 25 نەپەر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە بارىدۇ. شۇڭا تىجەننى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئاھالىلەر ئىچىدىكى نىسبىتى تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

ماتارىپنىڭ مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلەرنىڭ سانى ئۇلغايغانسېرى، ماتارىپقا بەرگەن ئىئانە- ياردەملىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئابلىز ھاجىملاردىن باشلاپ ھازىر تىجەندە ياشاۋاتقان ھامۇت قارى ھاجىم، ئابلەھەت قارى ھاجىملار 1984- يىلدىن باشلاپ مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاشقا 50 مىڭ يۈەندەك ياردەم قىلدى.

سەييىدىن ئەزىزى ئەپەندىم تىجەندىكى ئەھمىيەتلىك سۆھبەتتىن كېيىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىپ، ساھىبخانىلار بىلەن خوشلاشتى ۋە بۇ يامەتتىكى ئۇلۇغ ئۇستازى تەۋپىقنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا كەتتى.

(ئاپتور ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىن)

ئۇ ئالىي ماتارىپ سېپىدە 40 يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، سان- ساناقسىز شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. بىر نەچچە ئاسپىرانت تەربىيىلىگەن. ياپونىيىلىك دوتسېنت جۇي جى ئەپەندىگە مەخسۇس ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە يېتەكچى

ھەمرايى»، «مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم»، «ئىزگۈلۈك مەلىكىسى»، «سەۋدالىق تەنەجۇپنامىسى»، «ئارىفنامە»، «باھارىيات»، «غەزەلىيات»، «ئاق تۇز»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە)، «شىنجاڭدىكى

ھەممىلەن يىغلىسۇن، سەن ماڭغىن خەندان» ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ ئارىمىزدىن كەتتى. ئالىم، پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

يالقۇن روزى، جاسارەت تاش

قەلبىمدىكى ئىلاھ

- ئۇستازىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە مەرسىيە

● تەلئەت قادىرى ●

ھايات جىلۋەڭ ئۆچۈپ تۇيۇقسىز،
دەرت- ئەلەمگە پاتتى يۈرۈكۈم.
ئۆلۈم دېگەن يېگىلىق ئەمەس،
لېكىن، سېنىڭ يېگى بىر ئۆلۈم.

ھايات جىلۋەڭ ئۆچۈپ تۇيۇقسىز،
سۇنغاندەكلا بولدى بىرقانات.
ۋەزنى ئىدىڭ ئىلىم ئەھلىنىڭ،
قالدى خەلقىم ئەمدى يېلىڭ قات.

سەن دۇنيادىن كەتكەن شۇ كۈنى،
بۇ دۇنياغا تۆرەلدىڭ قايتا.
تۇغۇلسەن ھەر كۈن قۇياشتەك،
تۇغۇلغاندا ھەر كۈنى دۇنيا.

ھايات جىلۋەڭ ئۆچۈپ تۇيۇقسىز،
جىلۋىسىزدەك بىلىندى ئۇپۇق.
ئۆلۈم دېگەن دۈشمىنىڭ ئەبەد،
ئالانتىڭغا يېپىپتۇ يوپۇق.

يارىلىشتىن بىر ئىنسان ئىدىڭ،
كەتتىڭ بۈگۈن بىر ئىلاھ سىياق.
بولساقمۇ بىز سەن بىلەن بىللە،
تونۇيالماي قىينالدۇق بىراق.

ئايرىلساڭمۇ ئەبەدىي بىزدىن،
تۇيۇلمايسەن جەزمەن يىراقتەك.
ياشاپ قالغىن قەلبىمدە مەڭگۈ،
قەلبىمدىكى تەنھا ئىلاھتەك.

ياپونىيىدە بولغان كۈنلەردە ...

مەريەم ساقىم

يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردىن ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقىدىغانلارنىڭ سانى يىلسېرى كۆپەيدى. جۈملىدىن مەملىكىتىمىزدىنمۇ ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقىدىغانلار كۆپەيدى.

ياپونىيىدىكى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ ھەر ساھە، ھەرقايسى قاتلاملىرىدا بىر تەرەپتىن ئىلىم- پەن ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانسا، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىكەن، قوبۇل قىلىدىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆز دۆلىتى بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بېرىش- كېلىش ئالاقىلىرى كۆپىيىپ، دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا ياردەم تېخىمۇ كۈچىيىدىكەن.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ياپونىيىدە 1984- يىل 11- ئايدا «ياپون خەلقى بىلەن ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ دوستلۇق ئالاقىسىنى كېڭەيتىش جەمئىيىتى» قۇرۇلغان ئىكەن. بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى ۋاستە قىلىپ، ھەرقايسى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەن- مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ تەڭ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دوستلۇق، مېھرىبانلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىكەن.

بۇ جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن بېرى ھەر يىلى 11- ئاينىڭ ئاخىرقى يەكشەنبە كۈنى توكيودا «خەلقئارا مىللىي ئۇسسۇل فېستىۋالى» ئۆتكۈزۈپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ فېستىۋالغا شۇ جەمئىيەت ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىدىكەن. جەمئىيەت قوشنا دۆلەتلەردىن بىر ياكى ئىككى دۆلەتنىڭ ئوقۇغۇچىلار مىللىي ئۇسسۇل ئۆمىكىنى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرىدىكەن ۋە شۇ ئۆمەكنىڭ بېرىش- كېلىش چىقىملىرىنى كۆتۈرىدىكەن. فېستىۋالنى كۆرۈشكە ياپونىيىدىكى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارمۇ تەكلىپ قىلىنىدىكەن.

1992- يىل 11- ئايدا شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار ئۇسسۇل ئۆمىكى (شىنجاڭ سەنئەت شۆبۇنى ۋە سەنئەت داشۆ سەنئەت فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل تاپقان 12 كىشىلىك ئۆمەك) ئاپتونوم رايونلۇق ماتارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سادىر قادىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇشۇ فېستىۋالنىڭ 8- قېتىملىق كۆرۈكىگە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئۇسسۇل سەنئىتىنى ياپونىيە سەھنىلىرىدە يۇقىرى ماھارەت بىلەن نامايان قىلىپ، كۆرەككە قاتناشقان تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سېلىپ، ئۇلاردا ئۇنتۇلغۇسىز چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغاچقا، ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1994- يىلى 11- ئايدا شىنجاڭ مىللىي ئۇسسۇل ئۆمىكىنى يەنە تەكلىپ قىلغان.

بۇ قېتىمقى فېستىۋال «جەمئىيەت» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىق خاتىرىسىگە توغرا كەلگەچكە، ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بۇ فېستىۋالغا بەش دۆلەتنىڭ ئۇسسۇل ئۆمىكى تەكلىپ قىلىنىپتۇ. بىزنىڭ بۇ ئۇسسۇل ئۆمىكىمىز ئون كىشىلىك بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ماتارىپ كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەنئەت شۆبۇنى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىدى.

ئۆمەك تەركىبىدىكى ئۇسسۇلچىلار فېستىۋالدا يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلىنى لەرزان نامايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ماھارىتى بىلەن تاماشىبىنلارنى تېخىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى.

كۆرەك مەزگىلىدە توكيودىكى ياپونىيە ياشلار سارىيى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن كۆزلۈك بايرامغا ئۆمىكىمىز ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى ھەمدە سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ ئالقىشقا ئېرىشتى. ئارقىدىنلا ياپونىيە 43- نۆۋەتلىك پۈتۈن مەملىكەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىدا ئۆمىكىمىز يەنە تەكلىپ بىلەن ئۇسسۇل نومۇرلىرى كۆرسەتتى. ياپونىيىنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى فۇجى مىيكو خانىم ئۆمىكىمىزنى مەخسۇس ئۆزىنىڭ ئەسىرى ئورۇندالغان ئۇسسۇل كېچىلىكىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. بۇ خانىم ياپونىيە ئۇسسۇل جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇ 1951- يىلدىن 1976- يىلغىچە 16 قېتىم سەنئەت بايرىمى مەخسۇس مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىكەن. يەنە ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ سەنئەت مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىپ داڭ چىقىرىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ خانىم 1947- يىلى ئۆز نامىدا «فۇجى مىيكو ئۇسسۇل تەتقىقات ئورنى» قۇرۇپ، ھازىرغىچە ياپونىيە ئۇسسۇل ساھەسىدىكى داڭدار ئۇسسۇل چولپانلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ھەسسە قوشۇۋېتىپتۇ. ئۇ ياپونىيىنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى ئۇسسۇل تەتقىقاتىنى ھارماي- تالماي داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مەشھۇر ئايال ئىكەن. بۇ مەشھۇر خانىم 11- ئاينىڭ 15- كۈنى ئويۇن ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇدۇل بىز قاتنىشىۋاتقان زىياپەت سورۇنىغا كەلدى. زىياپەت ئاخىرىدا ئۇ سۆزگە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ سۆزىدە

«مەن جۇڭگو مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپى بىلەن جۇڭگوغا بارغان چېغىمدا شىنجاڭنىمۇ زىيارەت قىلغان ئىدىم. شۇ چاغدا قەمبەر خانىم مېنى ئۆز ئۆيىگە زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. زىياپەت ئۈستىلى بەكمۇ مول ياسالغان ئىدى. مەن بۇ سورۇندىن ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماننى قەدىرلەيدىغان، چوڭ كۆرىدىغان مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالدىم. قايتىدىغان چاغدا قەمبەر خانىم مېنى بېنىك قۇچاقلاپ خوشلاشتى. مەن مېھرىبان ئانىنىڭ كۆكسىگە بېشىمنى قويغاندەك ئىللىقلىقنى ھېس قىلغان ئىدىم، مەن ئاشۇ مىنۇتلارنى دائىم ئەسلەيمەن ۋە ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن» دېدى.

ئۇسسۇل ئۆمىكىمىزنى تەكلىپ قىلغان ياشلار سارىيى بىزنى ياپونىيىنىڭ داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىغا ۋە شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ ساياھەت قىلدۇردى. بىز ئاكىتا ۋە ناروكو شەھەرلىرىدە تەكلىپكە ئاساسەن ئۇسسۇل نومۇرلىرى كۆرسەتتۇق. چىبا ۋىلايىتى ناگادىياما شەھىرى خەير- ساخاۋەت مەركىزىي كومىتېتى بۇ كومىتېتنىڭ سابىق مۇدىرى خاسۇمى ماسايۇ ئەپەندىنىڭ تۇرتكىسى بىلەن ئۆمىكىمىزنىڭ ياپونىيىدىكى ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت ئىشلىرىغا زور ئىقتىسادىي ياردەملەرنى بەردى. خەير- ساخاۋەت مەركىزىي كومىتېتىدىكىلەر خاسۇمى ماسايۇ ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆمەك ئەزالىرىنى ياپونىيىدىكى داڭلىق «دىسنى ڭاندۇ» باغچىسىدا ساياھەت قىلدۇردى ھەمدە شۇ شەھەردىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن بىللە تەكلىپ قىلىپ، ئۆمىكىمىز شەرىپىگە داڭلىق ھىندى رېستورانىدا كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. زىياپەتتە ئۆمىكىمىز تەلەپ بويىچە نومۇرلارنى كۆرسەتتى. شۇ كۈندىكى ئەھۋاللاردىن چىبا گېزىتىنىڭ 1994- يىللىق 12- ئاينىڭ 2- كۈندىكى سانىغا رەسىملىك خەۋەر بېسىلدى. يەنە شۇ كۈندىكى زىياپەت، ئويۇن كۆرسىتىش جەريانىدىكى مۇھىم كۆرۈنۈشلەرنى چوڭ بىر بەتكە بېسىپ مەخسۇس بەتلىك رەسىملىك خەۋەر قىلىپ تارقاتتى.

شىنجاڭ خەلقىگە مېھىر باغلاپ، شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە شاپائەت كۆرسەتكەن خاسۇمى ماسايۇ ئەپەندى 56 ـ 57 ياشلاردىكى چاچلىرىغا ئاق كىرگەن كىشى ئىكەن. 1985- يىلدىن ئېتىبارەن ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىققان بىر قىسىم شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بۇ كىشىنىڭ ئۆيلىرىدە ئىجارىگە ئولتۇرغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلىتىش مەقسىتىدە بۇ ئادەم شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلاردىن ئىجارە ئالمىغان. ئۇنىڭدىن سىرت 1991- يىلى مەخسۇس شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىككى قەۋەتلىك بىر يۇرۇش زامانىۋى ئىمارەت سالدۇرغان. بۇ بىنا ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى ئېغىزلىقتىن ئۆي، مۇنچا، ھاجەتخانىلىرى بار، ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ، بىنادىكى ئۆيلەرنى شىنجاڭدىن چىققان ئوقۇغۇچىلارغا بىر قانچە يىلدىن بېرى ھەقسىز بېرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇ ئەپەندى شىنجاڭغا كەلگەندە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20- ۋە 5- باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئۇلارغا دېپتەر- قەلەم ۋە پۇل ئىئانە قىلغان.

سۈرەتتە: ئۆمەكتىكىلەر ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە

(ئاپتور شىنجاڭ سەنئەت شۆبۇنىدىن)

يېزىقچىلىق كۆرۈزۈكىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى قانداق يېتەكلەش كېرەك؟

ئوبۇلھەسەن ئابدۇرېشىت

تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھەرقايسى يىللىقلىرىدىكى ئەدەبىيات دەرسلىكىگە يېزىقچىلىققا ئائىت نەزەرىيىۋى بىلىملەر ۋە يېزىقچىلىق مەشقلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارنى مەركىزىي ئىدىيىسى ئېنىق، ھېسسىياتى ساغلام، قۇرۇلمىسى پىرقەدەر مۇكەممەل، تىلى راۋان ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى يازالايدىغان قىلىش تەلەپ قىلىنغان. بۇ تەلەپنى ئورۇنداش ئۈچۈن، دەرستىن سىرتقى مەشق ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، يېزىقچىلىق كۆرۈزۈكلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، بەلگىلىك يېزىش ئىقتىدارى بار ئوقۇغۇچىلارنى ئەستايىدىل يېتەكلەشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى چېتىشىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ، مۇرەككەپ ئەقلىي ئەمگەك بولغاچقا، يېتەكلەش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولمىسا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى يېتەكلەش ئوبيېكتلىرىدىمۇ گاڭگىراش، سوۋۇش ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ.

ئۇنداقتا، يېزىقچىلىق كۆرۈزۈكىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئۈنۈملۈك يېتەكلەش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

1. ئالاھىدىلىكنى بايقاشقا ماھىر بولۇش كېرەك. يېزىقچىلىق يولىغا تۇنجى قەدەم باسقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىلىشى كۈچلۈك، قىزىقىش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. بۇ خىل خاھىش روشەنكى ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار بىردەم لەتىپە- يۇمۇرغا قىزىقسا، بىردەم شېئىرغا، ھېكايە، نەسىرگە قىزىقىپ، ئېنىق بىر يۆنىلىش بەلگىلىيەلمەسلىك ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، قايسى ژانىردا ئارتۇقچىلىقىنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى بايقاش ۋە ئۇلارنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى ئاستا- ئاستا شۇ خىل ژانىردا يېزىشقا بۇراش كېرەك.

2. باسقۇچقا بۆلۈپ يېتەكلەشكە ماھىر بولۇش كېرەك. بۇ، يېتەكلەش ئۇسۇلىدىكى ئەڭ ھالقىلىق-ھەم ئىنچىكە مەسىلە. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇئەييەن ئارتۇقچىلىقلاردىن باشقا، تىل، قۇرۇلما، سيۇژېت، ئوبرازلاشتۇرۇش قاتارلىقلاردا يا ئۇنداق، يا مۇنداق يېتەرسىزلىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي ئەھۋال. كۆپرەك

ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىگە ئاساسەن مۇئەييەن تەرتىپ بەلگىلەپ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەدرىجىي ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

3. ئىجادچانلىق روھىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەسەر يېزىشنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن بىرەر ئۆلچىمى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەۋەسكارلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدىغان بىر مەسىلە — باشقىلارنى دوراش، ئۇلارغا ئوخشىتىپ يېزىشتىن ئىبارەت. بۇ مەسىلە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشىنىڭ ئىنچىكە، پىكىر يۈرگۈزۈشىنىڭ ئەتراپلىق بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇخىل ئەھۋال ئۇزۇن داۋاملىشىۋەرسە ياكى ئۇنىڭغا سەل قارالسا، ئوقۇغۇچىلارنى بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، دورامچىلىقتىن قۇتۇلالماسلىقتەك يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى رەڭگا- رەڭ قايناق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، يېڭىچە مەسىلىلەرنى بايقاشقا، ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈشكە، ئۆز ھېسسىياتىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىش لازىم.

4. ئۈلگە كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۈلگە كۆرسىتىش — يېزىقچىلىق كۆرۈزۈكىدىكى ھەۋەسكارلارنىڭ ئېنىق ۋاقتىدىكى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە باپ كېلىدىغان ئۈلگىلىك ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ، يېتەكلەش مەزمۇنىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئىسپاتلاپ چۈشەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ھەۋەسكارلارنىڭ ئاددىي چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەشتە [illegible] بولغان مەسىلىگە قارىتا تونۇشىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئەمما، ئۈلگە كۆرسىتىش دەل ۋاقتىدا بولۇشى كېرەك.

5. ئىككى باشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئىجادىي تەجرىبىسىنى چۈشىنىش، تەدبىقلاش ۋە ئەمەلىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش [illegible] جەھەتتە [illegible] ئوقۇغۇچىلار [illegible] كۆرۈلىدۇ، يەنى بەزى ئوقۇغۇچىلار ئانچە [illegible]

ئۇسۇلدا كۆرۈزۈك ئەزالىرىنى تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلارنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، زاۋۇتلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەل ۋاقتىدا يېزىقچىلىققا تەشكىللەش، تېما بەلگىلەپ بېرىپ كۆرۈزۈك ئەزالىرىنىڭ ئىنكاسىنى تېزلىتىش كېرەك. بۇ ئۇسۇل كۆرۈزۈك پائالىيىتىدە ئەمەلىي قوللىنىشقا باب كېلىدۇ.

7. كۆرۈزۈك ئەزالىرىنى ھەرقايسى ژانىرلارنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەدەبىياتتىكى ھەرقايسى ژانىرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇكەممەل نەزەرىيىسى بولىدۇ. ھەۋەسكارلار قايسى ژانىرغا قىزىقسا، شۇ خىل ژانىرنىڭ نەزەرىيىسىدىن خەۋەردار بولمىسا، يازغىنى نەزەرىيىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. كۆرۈزۈك يېتەكچىسى ھەربىر ھەۋەسكارنىڭ قىزىقىش دائىرىسىنى ژانىر ئارتۇقچىلىقى بويىچە ئېنىقلاپ يېتەكلىشى، ھەۋەسكارلارنى مەلۇم نەزەرىيە بىلەن تەمىن ئېتىشى لازىم.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، يېزىقچىلىق كۆرۈزۈكىغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىدۇر. شۇڭا ئۇلارنى يېتەكلەش داۋامىدا، ئىجادىيەت ئۇستىلى ۋە توغرا دۇنيا قاراش تۇرغۇزۇشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىپ، ئىجادىيەت قوشۇنىمىزنىڭ ساغلام ۋارىسلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

(ئاپتور چىرا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىن)

ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالە مەشقى توغرىسىدا

راخمان تۇمۇر

1. ماقالىنىڭ ئايرىمىسى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە بېرىش: بۇ، بايان ماقالىسىمۇ، مۇھاكىمە ماقالىسىمۇ، چۈشەندۈرۈش ماقالىسىمۇ، نەسرىمۇ ياكى ھېكايىمۇ دېگەنلەرنى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈۋېتىش دېگەنلىك. ئالدىنقى يىلدىكى ئىمتىھاندا خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ ئاددىي بىر نۇقتىغا دىققەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئالماشتۇرۇپ يېزىپ قويۇپ، ماقالىدە نۆل ئالدىغان ئەھۋالنى شەكىللەندۈردى. شۇڭا بۇ يىلقى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھاندا مۇشۇ مەسىلىنىڭ قايتا كۆرۈلۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت قىلىش زۆرۈر. ئوقۇتقۇچى تاپشۇرۇق بەرگەندە ماقالىنىڭ تۈرىنى ئېنىق بەلگىلىشى، تەكشۈرگەندە باشقا تۈردىكى ماقالىنى يازسا ياكى بېرىلگەن ماۋزۇنى ئۆزگەرتىپ باشقا ماۋزۇ قويۇپ يازغان بولسا ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچى ماقالىنىڭ تۈر ئايرىمىسى ھەم بېرىلگەن ماۋزۇغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ- دە، چوڭ ئىمتىھانلاردىمۇ ماۋزۇنى ۋە تەلەپلەرنى دىققەت قىلىپ ئوقۇيدىغان، شۇ بويىچە يازىدىغان بولىدۇ.

2. ئۈلگىلىك ماقالىلەرنى ئوقۇش ۋە ئانالىز قىلىش: ۋاقىت ئاز قالغاندا ماقالىنى ھە دېسىلا زورمۇ زور يازدۇرۇۋەرمەي، يېزىقچىلىققا ئاجراتقان ۋاقىتنىڭ يېرىمىنى ھەرخىل ژانىردىكى ئۈلگىلىك ماقالىلەرنى ئوقۇشقا ۋە تەھلىل قىلىشقا قارىتىش كېرەك. ئوقۇتقۇچى ئۆزى ياخشى دەپ قارىغان، ھەجمى قىسقا، تىلى راۋان بولغان ماقالىلەرنى تاللاپ، شارائىت يار بەرسە كۆپەيتىپ تارقىتىپ، قايتا- قايتا ئوقۇپ كېلىشكە تاپشۇرۇشى كېرەك.

شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ سۆزلىگەنلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ چۈشەندۈرگەنلى- رىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەزىم قىلىۋالىدۇ- دە، ماقالىنىڭ يېزىلىش قانۇنىيەتلىرىنى، مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىۋالىدۇ. مۇشۇ ئاساستا ماقالە تاپشۇرۇقى بېرىلسە، ماقالە يېزىشتىن زېرىككەن ئوقۇغۇچىمۇ قىزىقىپ يازىدىغان، يېزىش ھەققىدە باش قاتۇرىدىغان بولىدۇ. يۇقىرىقى ئۇسۇلنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قىسىم ماقالىلەرنى تاپشۇرۇق بەرمەي سىنىپ ئىچىدە ئوقۇتۇپلا ئانالىز قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ — مۇستەھكەملەش باسقۇچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە شەيئىلەرگە باھا بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن، سۆزلەش، يېزىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە زور پايدىسى بار.

3. ھازىرقى ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدىغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىش ۋە سۆزلىتىش: تىل- ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا كېزىت- ژۇرناللاردا چىقىۋاتقان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئوقۇيدۇ. ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئوقۇغان ئەسەرلەردىكى ۋە ئاڭلىغان، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە تىپىك دەپ قارىغان ۋەقەلەرنى، سىمۋوللۇق خاراكتېر ئالغان شەيئىلەرنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشى كېرەك. بۇنى بىر- ئىككى قېتىم سۆزلەپ بېرىش بىلەن بولدى قىلىشقا بولمايدۇ. بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرۇش ھەم يېڭى- يېڭى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. چۈنكى ئوقۇغۇچى بۇ ئارقىلىق كۆپ خىل ماتېرىيالغا ئىگە بولالايدۇ. زور كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچى سۆزلەپ بەرگەن ۋەقە، شەيئىلەرنى ئۆز تەپەككۇرىنى ئىشقا سېلىپ ئانالىز قىلىدۇ، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى سۆزلەپ بەرگەن ۋەقە ۋە شەيئىلەرنى قۇراشتۇرۇپ ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆرۈپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىدا ئىلگىرىلەشلەر بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ھازىرقى ۋەزىيەتكە باغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن ۋەقەلىكنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

4. سىتىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىق كېرەك: بىر پارچە ماقالىنىڭ ياخشى- يامان بولۇشى شۇ ماقالىنىڭ تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئوقۇغۇچى بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. بىراق، ئۆز ئەسەرلىرىدە قانداق قوللىنىشنى بىلەلمەي ماقالىسىنى ئاجىز قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا سىتىلىستىكىلىق ۋاسىتىنى تەكىتلەپ تۇرۇش، ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەردىكى سىتىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى كۆرگەندە كۆچۈرۈۋېلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلىرىدا قوللىنىش تەلىپىنى قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلار ماقالىلىرىنىڭ تىلىغا سەل قارىمايدىغان بولىدۇ. يۇقىرىقى ئامىللارنى تەكىتلىگەندە ماقالىنىڭ تۈر ئايرىمىسىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان، بىلىۋالمىسا زادى بولمايدىغان، ئىپادىلەش كۈچى زور بولغان ۋاسىتىلەردىن ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، سېلىشتۇرۇش، سۈپەتلەش، ماقال- تەمسىل، سىمۋول قاتارلىقلارنى كۆپرەك تەكىتلەش كېرەك. ھەتتا ئۇلارنىڭ قايسىلىرى قايسى خىلدىكى ماقالىلەرگە باب كېلىدىغانلىقىنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈش، سىنىپتا ئوقۇغان ئۈلگىلىك ماقالىلەرنى ئانالىز قىلغاندا بۇ مەسىلىدە ئالاھىدە توختىلىش كېرەك. يۇقىرىقى ۋاسىتىلەرنىڭ ئەسەردە تۇتقان ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ. بايان ماقالىدە ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەسۋىر، سۈپەتلەش، ماقال- تەمسىل كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. مۇھاكىمە ماقالىسى بىلەن چۈشەندۈرۈش ماقالىسىدە سېلىشتۇرۇش، ماقال- تەمسىل كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. نەسرىدە سىمۋول، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، سېلىشتۇرۇش، ماقال- تەمسىل، تەسۋىر، سۈپەتلەش قاتارلىق كۆپ خىل ۋاسىتە قوللىنىلىدۇ. ھېكايىدىمۇ ئاساسەن شۇنداق. بۇ، كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلاردا ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلە. بۇ مەسىلىنى تەكرار ۋاقتىدا سەل قارىماي ھەل قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن سىنىپ ئىچىدە قىسقا ۋاقىتلىق ماقالە يېزىش، پارچە يېزىش، تەسۋىر يېزىش مۇسابىقىسىنى كۆپرەك ئۇيۇشتۇرسا بولىدۇ. يېزىپ بولغانلارنى ئوقۇتۇپ، قانداق ۋاسىتىلەرنى قوللانغان، مۇۋاپىقمۇ- ئەمەسمۇ، قانداق ۋاسىتىنى قوللانسا ئەڭ ياخشى بولاتتى، دېگەنلەرنى ئايرىپ بېرىش كېرەك.

5. تەكرار جەريانىدا ماقالە تېمىسىنى پەرەز

دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا بور خېتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئالىم ھېمىت

بور — بىرخىل مۇھىم ئوقۇتۇش قورالى. كەسپىي ئوقۇتقۇچىدىن ئالغاندا، بور «ئوقۇتقۇچىنىڭ 1- قەلىمى» ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر مەكتەپلەردە قەلەم خەت مەشقىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، بور خەت مەشقىگە ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ.

مۇۋاپىق ئارىلىق قالدۇرۇپ تۇتۇپ، ئوتتۇرا بارماق بىلەن ئۇستىدىن بېسىپ تۇرۇپ يېزىلىدۇ. نامسىز بارماق بىلەن چىمچىلاق بارماقنىڭ ئانچە رولى بولمايدۇ. يەنە بىر ئوخشىمايدىغان تەرىپى قەلەم بىلەن خەت يازغاندا قولنى (بۇ چىمچىلاق بارماق، ئالقان ۋە جەينەكنى كۆرسىتىدۇ) شىرە ئۈستىدىكى قەغەز يۈزىگە قويۇپ يازىمىز. بور بىلەن بولسا، تىك تۇرغان دوسكىغا جەينىكىمىزنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ يازىمىز. بور قەلەمگە قارىغاندا قىسقا ھەم قاتتىق بولۇپ، دوسكا يۈزىگە يېزىلىدىغان بولغاچقا، خەت يازغاندا ئۇچىنى مۇۋاپىق چىقىرىپ، سەل

بەزىلەرنىڭ قەلەم خېتى چىرايلىق بولغان بىلەن بور خېتى ناھايىتى كۆرۈمسىز. بور خېتى ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بىر سەنئەت. چۈنكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەر بىر قەلىمى ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوقۇتۇش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

يەنە بىر دىققەت قىلىدىغان مەسىلە، دوسكىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. ئوقۇغۇچى كۆپ، چوڭراق سىنىپتا دەرس ئۆتكەندە خەتنى چوڭراق، غولىنى ئېنىق قىلىپ يېزىش كېرەك، خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتكەندە بىخۇالىق خەتلەرنى چوڭراق يېزىش كېرەك.

زۆرۈر تېپىلغاندا توغرىسىغا ياتقۇزۇپ تۇتۇپ يېزىشقىمۇ [illegible]

بايقاش ۋە ئۇلارنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى ئاستا- ئاستا شۇ خىل ژانىردا يېزىشقا بۇراش كېرەك.

2. باسقۇچقا بۆلۈپ يېتەكلەشكە ماھىر بولۇش كېرەك. بۇ، يېتەكلەش ئۇسۇلىدىكى ئەڭ ھالقىلىق ھەم ئىنچىكە مەسىلە. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇئەييەن ئارتۇقچىلىقلاردىن باشقا، تىل، قۇرۇلما، سيۇژېت، ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلاردا يا ئۇنداق، يا مۇنداق يېتەرسىزلىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي ئەھۋال. كۆپرەك كۆرۈلىدىغان يېتەرسىزلىكلەر ئاساسەن مەركىزىي ئىدىيىدىكى مۈجمەللىك، تىلدىكى ئاجىزلىق، قۇرۇلمىدىكى ئاددىيلىق ۋە كەمتۈكلۈك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل يېتەرسىزلىكلەرنى بىر يولدىلا تۈزىتىش ياكى ھەۋەسكارلارنى بىر تالاي كەمچىلىكلەر دۆۋىسىگە كۆمۈۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ھەۋەسكارلارغا نىسبەتەن بىر قېتىمدا بىرلا تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇش ياكى بىرلا يېتەرسىزلىك ۋە ئۇنى قانداق تۈزىتىش ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش، كېيىنكى قېتىمدا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر مەسىلە ئۈستىدە پىكىر بېرىش، ئاخىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئوپېراتسىيە قىلىپ تەكشۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، ئۇلارنىڭ ئىگىلىمەكچى بولغان مەسىلىگە قارىتا تونۇشىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئەمما، ئۈلگە كۆرسىتىش دەل ۋاقتىدا بولۇشى كېرەك.

5. ئىككى باشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئىجادىي نەزەرىيىنى چۈشىنىش، تەدبىقلاش ۋە ئەمەلىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتە، يېزىقچىلىق كۇرۇژوكىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە روشەن پەرقلەر كۆرۈلىدۇ. يەنى بەزى ئوقۇغۇچىلار ئانچە قىينالمايلا مەزمۇنى بىرقەدەر چوڭقۇر، قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇكەممەل، تىلى بىرقەدەر راۋان ھەم رەڭدار ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالايدۇ. بەزىلەر بولسا ئۆز ئارا چېتىشلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرىنى ھەل قىلسا، يەنە بىرىنى ھەل قىلالماي گاڭگىراپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئىككى خىل سەۋىيىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرقايسىسىغا باب كېلىدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق يېتەكلەش، شۇ ئارقىلىق «ئىككى قۇتۇپ» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تۈگىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئايرىم يېتەكلەش بىلەن كوللېكتىپ يېتەكلەشنى بىرلەشتۈرسە ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ.

6. كۇرۇژوك ئەزالىرىنى كوللېكتىپ پائالىيەتكە ئۇيۇشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېتەكلەش كېرەك. بۇ خىل

پېداگوگىكىلىق مەسلىھەت

بور – بىرخىل مۇھىم ئوقۇتۇش قورالى. كەسپىي نۇقتىدىن ئالغاندا، بور «ئوقۇتقۇچىنىڭ 1- قەلىمى» ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر مەكتەپلەردە قەلەم خەت مەشقىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، بور خەت مەشقىگە ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ.

بور خېتى «دوسكا خېتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ خەنزۇ تىلى خەتتاتلىقىدا قاتتىق ئۇچلۇق قەلەم خېتى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. بور خېتىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى ۋە قۇرۇلمىسى قەلەم خېتىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى قەلەمنى تۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن يېزىش ئوبيېكتىدا.

قەلەم بىلەن خەت يازغاندا، باش بارماق بىلەن بىگىز بارماق قەلەم دەستىسىنى بېسىپ، ئوتتۇرا بارماق كۆتۈرۈپ، ئۈچ بۆلۈك ھاسىل قىلىدۇ. نامسىز بارماق بىلەن چىمچىلاق بارماق ئوتتۇرا بارماققا تېگىشىپ تۇرىدۇ. خەت يازغاندا، چىمچىلاق بارماق قەغەز يۈزىگە تېگىپ، قەلەمگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. قەلەمنى تۇتۇپ تۇرغان ئۈچ بارماق بىلەن قەلەم ئۇچى ئارىلىقىدا 3-4 سانتىمېتىر ئارىلىق قالسىلا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ چاغدا قەلەم دەستىسى بىلەن قەغەز يۈزى ئارىلىقىدا 45° لۇق ئارا بۇلۇڭ شەكىللىنىدۇ. قەلەمنىڭ قەغەز يۈزىگە چۈشۈش- كۆتۈرۈلۈشىمۇ سەل يېنىكرەك بولىدۇ.

بور بىلەن خەت يازغاندا باش بارماق، بىگىز بارماق ۋە ئوتتۇرا بارماقلار بىلەن بورنىڭ تۆۋەنكى ئۇچىدىن مۇۋاپىق ئارىلىق قالدۇرۇپ تۇتۇپ، ئوتتۇرا بارماق بىلەن ئۈستىدىن بېسىپ تۇرۇپ يېزىلىدۇ. نامسىز بارماق بىلەن چىمچىلاق بارماقنىڭ ئانچە رولى بولمايدۇ. يەنە بىر ئوخشىمايدىغان تەرىپى قەلەم بىلەن خەت يازغاندا قولنى (بۇ چىمچىلاق بارماق، ئالقان ۋە جەينەكنى كۆرسىتىدۇ) شىرە ئۈستىدىكى قەغەز يۈزىگە قويۇپ يازىمىز. بور بىلەن بولسا، تىك تۇرغان دوسكىغا جەينىكىمىزنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ يازىمىز. بور قەلەمگە قارىغاندا قىسقا ھەم قاتتىق بولۇپ، دوسكا يۈزىگە يېزىلىدىغان بولغاچقا، خەت يازغاندا ئۇچىنى مۇۋاپىق چىقىرىپ، سەل بېسىپراق يېزىش كېرەك. بەك ئۇزۇن چىقىرىۋەتسەك ئاسانلا سۇنۇپ كېتىدۇ.

بورنىڭ ئۇچى قەلەمنىڭكىدەك ئۇچلۇق بولمايدۇ. خەت يازغاندا خەت غولىنىڭ ئىنچىكە- توملۇقى، خەتنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى ۋە قېنىقلىق دەرىجىسىنى كونترول قىلىمەن دەپ، بورنى بىرخىللا تۇتۇۋالماي، توختىماي ئايلاندۇرۇپ، بور ئۇچى بىلەن دوسكىنىڭ تېگىشىش دائىرىسىنى تەڭشەپ تۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئۈچ بارماق مۇھىم رول ئوينايدۇ. خەت يازغاندا ئۈچ بارماقنىڭ كۆتۈرۈلۈپ- چۈشۈشى تەكشى بولغاندىلا بىخۋالارنىڭ ئېنىق، چېكىت- سىزىقلارنىڭ جايىدا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

بەزىلەرنىڭ قەلەم خېتى چىرايلىق بولغان بىلەن بور خېتى ناھايىتى كۆرۈمسىز. بور خېتى ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بىر سەنئەت. چۈنكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەر بىر قەلىمى ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوقۇتۇش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

يەنە بىر دىققەت قىلىدىغان مەسىلە، دوسكىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. ئوقۇغۇچى كۆپ، چوڭراق سىنىپتا دەرس ئۆتكەندە خەتنى چوڭراق، غولىنى ئېنىق قىلىپ يېزىش كېرەك، خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتكەندە بىخۋالىق خەتلەرنى چوڭراق يېزىش كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا توغرىسىغا ياتقۇزۇپ تۇتۇپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ بورنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيىتىدۇر. دوسكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىمەن، كۆپ خەت سىغدۇرىمەن دەپ خەتنى بەك كىچىك يېزىپ قويساق، ئوقۇغۇچىلار ئېنىق كۆرەلمەي، خەتنى خاتا يېزىپ قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

ياخشى يېزىلغان بور خېتى كىشىگە بىر خىل ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ خېتى چىرايلىق بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر خەتتاتلىقىغا بولغان ھەۋىسى ئېشىپلا قالماستىن، بەلكى خەنزۇ تىلى خەتتاتلىقىغا بولغان قىزغىنلىقىمۇ كۈنسايىن ئۆرلەيدۇ.

(ئاپتور تۇرپان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىدىن)

تەسۋىر، سۈپەتلەش قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستە قوللىنىلىدۇ. ھېكايىدىمۇ ئاساسەن شۇنداق. بۇ، كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلاردا ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلە. بۇ مەسىلىنى تەكرار ۋاقتىدا سەل قارىماي ھەل قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن سىنىپ ئىچىدە قىسقا ۋاقىتلىق ماقالە يېزىش، پارچە يېزىش، تەسۋىر يېزىش مۇسابىقىسىنى كۆپرەك ئۇيۇشتۇرسا بولىدۇ. يېزىپ بولغانلارنى ئوقۇتۇپ، قانداق ۋاستىلەرنى قوللانغان، مۇۋاپىقمۇ- ئەمەسمۇ، قانداق ۋاستىنى قوللانسا ئەڭ ياخشى بولاتتى، دېگەنلەرنى ئايرىپ بېرىش كېرەك.

5. تەكرار جەريانىدا ماقالە تېمىسىنى پەرەز قىلىش: يېزىقچىلىق ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ماسلىشىپ ماڭىدىغان ئىجادىي پائالىيەت بولۇپ، دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قېلىشنى خالىمايدۇ. بۇ نۇقتىنى سوئال چىقارغۇچىلارمۇ چۈشىنىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا چىقىرىلغان ماقالە يېزىش تېمىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ ماڭالىدىمۇ- يوق، دېگەن مەسىلىدىكى ئىقتىدارىنى سىناشنى ئاساس قىلغان ھالدا بېرىلىۋاتىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ داشۆ ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

خىزمەت تەتقىقاتى

ئۈنئالغۇنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدىكى رولى

ئامانگۈل ئابدۇكېرىم

ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە سۆزلەش ئىقتىدارى كۆپ ئاڭلاش ئارقىلىق يېتىلىدۇ. ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش ۋە يېزىش بىر - بىرىگە ئورگانىك باغلانغان بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ۋاستىسى كۆپ خىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نۆۋەتتىكى مەكتەپ شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۈنئالغۇ كۆپ قىسىم خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېقىن ياردەمچىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىش شارائىتى ئەڭ تولۇق بولغان ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ۋاستىسى – ئۈنئالغۇنىڭ رولىدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك.

1. ئۈنئالغۇدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپپۇزىنى توغرىلاشقا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى ناچار، خام سۆزلەرنى ئوقۇيالمايدۇ، جۈملە ۋە تېكىستلەرنى راۋان ئوقۇشتا قىينىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۈنئالغۇدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆلچەملىك ئوقۇشنى قايتا - قايتا ئاڭلىتىش ۋە ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئوقۇشقا تەشكىللەپ، تەكرار مەشقلەندۈرۈش ئارقىلىق خاتا تەلەپپۇزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

2. ئۈنئالغۇدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتوناتسىيىسىنى توغرىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدا بوغۇم، شىڭمۇ، يۈنمۇ، تاۋۇش قوشۇش، بوغۇم ئۆزگىرىشى (تۆت تون) ۋە ئىنتوناتسىيە قاتارلىق مەزمۇنلار بار. بۇ جەھەتتىكى مەشقنى كۈچەيتىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېغىز تىلىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تاۋۇش چىقىرىش ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق. بۇنىڭدا ئۆلچەملىك ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئوقۇش ۋە دوراپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئىنتوناتسىيىسىنى پەيدىنپەي ياخشىلاش كېرەك.

3. ئۈنئالغۇدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش جەريانىدىكى ئاساسلىق ئاجىزلىقى ئاڭلاش ۋە سۆزلەشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى قانچە يۇقىرى بولسا، شۇنچە كۆپ سۆزلەرنى ئىگىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ -دە، ئىقتىدارى تەبىئىي ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارنى ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئاڭلاشقا تەشكىللەپ، ئۇلارنى گاھىدا قايتا بايان قىلىش، ئاڭلاپ يېزىش ۋە ئاڭلاپ تەرجىمە قىلىشقا، يەنە گاھىدا سوئالغا جاۋاب بېرىش، تالاش جاۋاب بېرىش ۋە بوش ئورۇن تولدۇرۇش قاتارلىق مەشقلەرگە تەشكىللەش لازىم.

(ئاپتور يەكەن ناھىيىلىك مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ئوقۇتۇش تەتقىقاتى

دەرس ئاڭلاش خاتىرىسى قانداق يېزىلىدۇ؟

جېلىل ئابدۇراخمان

دەرس ئاڭلاش- مەكتەپ مەسئۇللىرىنىڭ ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشىدىكى مۇھىم خىزمەت ئۇسۇلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز ئارا تەجرىبە ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق دەرسخانا ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ياخشى ئۇسۇل. ئۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس تەييارلاش ئەھۋالى، دەرس ئۆتۈش ئالاھىدىلىكى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. گەرچە دەرس ئاڭلاش ئوقۇتۇشتىكى دائىملىق ئىش بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئاڭلاش خاتىرىسى يېزىشقا ئېتىبارسىز قارايدۇ، قانداق مەزمۇنلارنىڭ يېزىلىدىغانلىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ.

دەرس ئاڭلاش خاتىرىسىگە قايسى مەزمۇنلار يېزىلىدۇ؟

1) دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ تەرتىپى خاتىرىلىنىدۇ. بۇنىڭدا، دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش تەرتىپى، سۆزلەنگەن دەرس مەزمۇنىنىڭ ئىلگىرى- كېيىنلىك تەرتىپى، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسلىكتىن پايدىلىنىش تەرتىپى قاتارلىقلار يېزىلىدۇ.

2) دەرسخانا ئوقۇتۇشىغا سەرپ قىلىنغان ۋاقىت خاتىرىلىنىدۇ. بۇنىڭدا دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا سەرپ قىلىنغان ۋاقىت، يەنى ھەرقايسى بۆلەكلەردىكى مەزمۇنلارنى سۆزلەشكە سەرپ قىلىنغان ۋاقىت، بولۇپمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيىتىگە، مەشق قىلىشىغا سەرپ قىلىنغان ۋاقىت قاتارلىقلار ئېنىق خاتىرىلىنىدۇ.

3) ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا تىلى خاتىرىلىنىدۇ. بۇنىڭدا، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا تىلىنىڭ راۋانلىقى، پەنلەرنىڭ تىلىنى قوللىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدۇ.

4) ئوقۇتۇشتىكى كەيپىيات خاتىرىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى كەيپىياتى ئىنچىكە خاتىرىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچى قايسى مەزمۇنلارنى سۆزلىگەندە مۇجمەللەشتۈرۈپ قويدى؛ ئوقۇغۇچى قايسى نۇقتىلارنى قىزىقىپ ئاڭلىدى، قايسى نۇقتىلاردا چۈشىنەلمەسلىك ھېس قىلدى، دېگەنگە ئوخشاش.

5) ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى خاتىرىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشق ئىشلەشتىكى ئىپادىسى يېزىلىدۇ. مەسىلەن، مەشق ئىشلەش باشلىنىشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق ئەھۋالى، مەشق ئىشلەش جەريانىدىكى تىرىشچانلىقى قاتارلىقلار.

6) ئوقۇتقۇچىنىڭ دوسكا سەنئىتى خاتىرىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىنىڭ دوسكا باشقۇرۇش سەنئىتى ۋە دوسكا خېتى جەھەتتىكى ئەھۋالى خاتىرىلىنىدۇ.

مەيلى مەكتەپ مەسئۇللىرى ياكى ئوقۇتقۇچىلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۆز ئارا تەجرىبە ئۆگىنىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە دەرس ئاڭلايدۇ. شۇڭلاشقا ھەر قېتىم دەرس ئاڭلىغاندا، خاتىرە قالدۇرۇپ مېڭىشى لازىم. دەرس ئاڭلاش خاتىرىسىگە ئەڭ ياخشىسى بىرلىككە كەلگەن جەدۋەلنى قوللىنىپ، ئۇنى ئوقۇتۇشنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى قىلىش كېرەك.

ئادەتتە دەرس ئاڭلاش خاتىرىسىگە باھا سۆزى يېزىش تەلەپ قىلىنغان بولىدۇ. ناۋادا، باھالاش مۇزاكىرىسى ئۇيۇشتۇرۇلسا، يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى چۆرىدىگەن ھالدا قىزغىن پىكىر قاتناشتۇرۇش كېرەك. دەرس ئاڭلىغاندا، دەرس ئۆتكۈچىنىڭ نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك، ئۈنلۈك پاراڭ سالماسلىق، پىكىر بولسا دەرستىن كېيىن بېرىش لازىم. ئىلمىي بۆلۈم، ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپا باشلىقلىرى قەرەللىك ھالدا دەرس ئاڭلاش خاتىرىسىنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، مەۋسۇم ئاخىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك يىغىۋېلىپ، خۇلاسىلەپ تۇرۇشى، ئالاھىدە ياخشى يازغانلارنى تەقدىرلىشى ھەمدە باھالاش نەتىجىسىنى مەكتەپ يىللىق خۇلاسە يىغىنىدا ئېلان قىلغاندىن سىرت، ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپىي ئارخىپىغا سېلىشى لازىم.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14- ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

قاناتلانغان ئىلەك

(ھېكايە)

● مۇھەممەت يۇسۇپ تۇردى ●

سالام ئاسىيە، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ خىزمەت ئورنىڭغا كۆنۈپ قالدىڭمۇ؟ مەن ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىزنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن. ئۇ چاغلار قانداق گۈزەل، غەمسىز چاغلار ئىدى-ھە!

خېتىڭدە خىزمەت تەقسىمات ئەھۋالىمىزنى سوراپسەن. ئەكبەر چەت بىر يېزا مەكتىپىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ شۇ كۈنىلا كېتىپ قالدى. قارا ئۇنىڭدىكى روھنى! ئىدرىسنى دېمەيسەن، ئۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى ئالالىدىمۇ-يوق؟ دېگەننى ئويلىماي، يېزىغا بېرىپ ئىشلەشنى رەت قىلدى. مېنى سورىساڭ، مەن شەھەردە قالدىم. ھەيران قېلىۋاتامسەن؟

ساڭا ئېيتسام، جەمئىيەت بىلەن مەكتەپ باشقا-باشقا دۇنيا ئىكەن. ئىش مۇنداق بولدى: دادامنىڭ «پىچىقى كېسىدىغان» بىر تونۇشى مەلۇم مۇددىئا بىلەن مېنى شەھەردە ئېلىپ قالغان ئىكەن. ئېنىقىنى ئېيتسام، ئۇ مېنى كېلىن قىلىۋالماقچىكەن. مەن دەسلەپتە بۇنى ئانامدىن ئاڭلاپ، «بىكار گەپ» دەپ پەسەنت قىلماي يۈرۈۋېرىپتىمەن. كېيىن ئىش چىڭغا چىقتى. مەن يىگىتىم بارلىقىنى، ئەكبەرنى سۆيىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قارشىلىق قىلدىم. دادام: «بۇ سېنىڭ بىر ئۆمۈر قانداق كۈن كۆرۈشۈڭگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. گېپىمنى تىڭشاپ، يوقىلاڭ خىياللاردا بولما» دەيدۇ. ئويلاپ قالدىم، جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىستەكلىرى باشقىچە بولىدىغان ئوخشايدۇ. دوستۇم، بىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولساقمۇ، ئۆز تەقدىرىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە ئەمەس ئىكەنمىز. بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى، بولۇپمۇ بىزدەك قىزلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇ-ئىستەكلىرىمىز ھە دېسىلا تۈرلۈك بېسىملارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بۇنداق ئادەتلەردىن قاچانمۇ قۇتۇلارمىز؟

دوستۇم، ئەجەپلەنمە، خېتىمنى ئوقۇ، قانداق ئىشلار بولغىنىنى ئەمدى بىلىسەن. ئاھ-زارىم ھېچكىمنى تەسىرلەندۈرەلمىدى. مەن ئوقىماي تۇرۇپلا توي خېتىم ئېلىنىپ، توي كۈنى بېكىتىلگەندە ئۆيدە جاڭجال كۆتۈردۈم. دادامنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى ئويلىسام ھازىرمۇ قورققۇم كېلىدۇ. مەن ئۆزۈمنى بىچارە ھېس قىلىپتىمەن. بىلسەم، دادام مەندىنمۇ بىچارە ئىكەن. مەن بۇ ئىشلارنى ئەكبەرگە خەۋەر قىلدىم. بىراق ئۇ نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ ئاشۇ جىددىي پەيتلەردە ساۋاقداشلار كۆپ ياردەم قىلدى. نېمىلا دېگەن بىلەن مېنى شۇلار چۈشىنىدۇ-دە!

مەن تويدىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. مەن شەھەردە تۇغۇلۇپ، شەھەردە ئۆسكەچكە، سەھرانى چۈشەنمەيدىكەنمەن. يول بويى ھارۋا، تراكتورلارغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئەكبەر بار يېزىغا باردىم. كىم بىلسۇن؟ ئەكبەر ئىشلەيدىغان مەكتەپ بىلەن يېزا مەركىزىمۇ سەككىز كىلومېتىر كېلىدىكەن. قاتناش بولمىغاچقا پىيادە يۈردۈم. كۈن ئولتۇرۇپ قاش قارايغان چاغدا بىر مەھەللىگە يېقىنلاشتىم. مەھەللىگە بالدۇرراق بېرىۋېلىپ، يول سورىۋېلىش ئۈچۈن، چوڭ سايلىقتىن كېسىپ ئۆتتۈم. ئېھتىياتسىزلىقتىن پاتقاق ئازگىلغا چۈشۈپ كەتتىم. دەل شۇ چاغدا مۇيەسسەر ئىسىملىك بىر قىز مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا دوستۇم، مەن ئۇن-تىنسىزلا غايىب بولغان بولاتتىم. مۇيەسسەر شۇ كەنتتىكى ئوقۇتقۇچى قىز بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ ئائىلە سۆھبىتىگە بېرىپ قايتىپ كېلىۋېتىپتىكەن. مۇيەسسەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كەچۈرمىشلىرىمنى ئاڭلاپ ئۆز قىزىدەك بېشىمنى سىلىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكىمنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى. بۇ يېزىدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار يوق دېيەرلىك ئىكەن. مۇيەسسەر تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. دوستۇم، يېزىلار نەزەرىمىزدىكىدەك سەھرايى قىيامەتمۇ ئەمەس ئىكەن. ئادەملىرى مۇلايىم، ساددا، ئاق كۆڭۈل، ئۇلار بىلەن بىللە بولساڭ ئايرىلغۇڭ كەلمەي قالىدۇ. سەن چوقۇم ئويلىمىدىڭ، مەن ھازىر بۇ يېزىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدىم... مەن ئەكبەر بىلەن مۇيەسسەرنىڭ خىزمەتدىشى. كۈندۈزلىرى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بولىمەن. كەچلىرى مۇيەسسەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىمەن.

دادام ئىككى قېتىم كېلىپ يوقلاپ، مېنى كېپىگە كىرگۈزەلمىگەندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. مەنمۇ دوستلارنىڭ ياردىمىدە خىزمەت رەسمىيەتلىرىمنى بۇ يېزىغا يۆتكىۋالدىم. دادام ئەكبەر بىلەنمۇ پاراڭلاشتى. ئەكبەر: «ھاياتنىڭ قىممىتى شەھەردىلا ئەمەس. چۈشەنگەنلەرگە نىسبەتەن، ئۆز خەلقىنىڭ ئارىسىدا نەدىلا تۇرساڭ ئوخشاش» دەيدۇ. راست ئەمەسمۇ؟ ھەممىلا ئادەم شەھەرنى تاللىسا كەڭ يېزىلاردىكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىنى كىم يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؟

مەكتىپىمىزنىڭ شارائىتى ناچار، ئوقۇتقۇچىلىرى كەمچىل. يېزا شارائىتى قەدەممۇ-قەدەم بىر قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن، ئاشۇ كىرلەشكەن سەبىي چىرايلارغا قارىساڭ ئىچىڭ سىيرىلىدۇ. ئۇلار نەقەدەر چاڭقىغان-ھە؟ مەن بىلىم كەۋسىرى بىلەن بۇ يۇمران ۋۇجۇدلاردىكى، ئۇلارنىڭ روھىدىكى كىرلەرنى يۇيۇپ تاشلاشنى ئۆمۈرلۈك مەقسەت قىلدىم.

مەن ياشاشنىڭ قىممىتىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. چۈنكى مەن ئەھمىيەتلىك ئىشنى باشلىدىم. مۇيەسسەرنىڭ ئانىسىنىڭ گېپى بويىچە، «بۇ دۇنيالىقتىكى ئەڭ ساۋابلىق ئىش»نى قىلىشقا باشلىدىم. ھازىر خىزمىتىم كۆڭۈللۈك، مۇھەببىتىمىزگىمۇ ئەمدى توسالغۇلار يوق. دوستۇم، سەنمۇ ئوقۇتقۇچى بولۇپسەن. سەنمۇ تىرىشقىن. بىز ئەمدىكى مۇھەببىتىمىزنى ياش كۆچەتلەرگە بېغىشلايلى، پەن-مەدەنىيەت بېغىدا رەڭگا-رەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇرايلى، بۇ ئالتۇن دىيارىمىز خۇش پۇراقلارغا تولسۇن!

خەير خوش.

ساڭا بەخت تىلەپ: دوستۇڭ سائادەت

ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرىسىگە قالدۇرۇلغان سۆزلەر

سەن ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى كۆپ پۇل تېپىشنى ئويلايتتىڭ. لېكىن كارۋات بېشىدىكى تەڭگە پۇل ساقلايدىغان قۇتاڭمۇ ھازىرغىچە توشقىنى يوق.

باشقىلارغا ئۆيدىن يېتەرلىك پۇل كېلىپ، ئەركىن-ئازادە، كەڭتاشا يۈرۈۋىدى، مەن ھەۋەس قىلدىم؛ سېنىڭ ئۆيۈڭدىن ئازراقمۇ پۇل كەلمەي تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ ياشىشىدىك تېخىمۇ زوقلاندىم.

بىز ئىلگىرى نەچچە قېتىم ئۇرۇشقان ئىدۇق. ئويلاپ باقسام، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ دوستلۇق بوكس مۇسابىقىسىگە ئوخشايدىكەن.

مەكتىپىمىزنىڭ كۆلى ياتىقىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھېلىقى كۈنى سەن ھودۇقۇپ كېتىپ، يۆيۈلمىغىلى بىر ئاي بولغان سېسىق پايپىقىڭنى تارتمىنى ئېچىپلا پۈرلەپ تىقىۋەتكەن ئىدىڭ. ھازىرغا قەدەر ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋەتتىڭمۇ-يوق، بىلمەيمەن.

سۆيگىنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن ھېلىقى كۈنى كەچتە، سەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ھەممىسى خىرەلىشىپ كېتىپتۇ دېگەن ئىدىڭ. ئىككىمىزنىڭ ئاشۇ ئاخشىمى توپ مەيداندا ئولتۇرۇپ قىلىشقان گەپلىرىمىز بىر مەۋسۇم ئىچىدە قىلىشقان گەپلىرىمىزدىنمۇ كۆپ ئىدى.

سەن ھازىر ئۆزۈڭنىڭ ئاسمان پەردەڭگە كۆزنى چاقنىتىدىغان يۇلتۇزلارنى يىغىۋالىشتىن ئاستىڭمۇ-يوق؟

ھاماقەت بولماق تەس ـ بۇ سېنىڭ كارۋات بېشىغا ئېسىپ قويغان دەستۇرۇڭ ئىدى. ئەمما سەن تەرسا مىجەز تاللىقىلا ئوخشايتتىڭ، كىچىككىنە مەسىلە ئۈچۈن قۇلاقلىرىڭغىچە قىزىرىپ تۇرۇپ گەپ تالىشاتتىڭ.

ھاماقەت بولۇش ئانچە تەس ئەمەس.

بەش يىل ئىچىدە كۆزەينىكىڭنى يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەككە بەش قېتىم ئالماشتۇردۇڭ. بىراق، ماڭا مەلۇمكى، سەن ھازىر كىشىلەرنى بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقىتتا قارىغاندا ئېنىق كۆرەلەيسەن.

پەتتار مۇھەممەت (ت)

ئۇستاز قەلبى

(شېئىر)

● تۇلەندىن ئەزىم ●

مېھرىم سىلەرگە
يالقۇنلۇق ئوتتەك،
يانار كۆلخاندەك
ئانا مېھرىدەك.
كەل سەبىيلىرىم
كەلگىن يېقىنراق!
مۇزلىدىڭ
قاقلان
باغاش ئەت
قۇچاقلا مەھكەم.
مەيلى كۆيەي
ئۆچەي كۈل بولۇپ،
بىر ئۆمۈر
ئىللىتالسام باغرىمدا سېنى
ئىپتىخارىم شۇ!

قەلبىمدىن ئاقار
پۈتمەس بىر بۇلاق.
خىرۇستالدەك سۈزۈك،
تاغ سۈيىدىن مۇزدەك،
يۈرەكتىن تومۇرلارغا
ئاقىدۇ لەرزان.
كەل گۆدەكلىرىم
كەلگىن يېقىنراق!
ئۇسسىدىڭ
چاڭقىدىڭ
لەۋلىرىڭدە گەز،
ئوچۇملاپ ئىچكىن قانغۇچە.
ئوينا چېچىشىپ،
قوغلىشىپ ھەريان،
ئۆزئارا بولۇپ مېھرىبان.
مەيلى
نوختاپ كەتسىمۇ يۈرىكىمدە قان،
ئۇسسۇزلۇقىڭنى قاندۇرالىسام
ئىپتىخارىم شۇ!

قەلبىمدە ياڭرار
ئۈزۈلمەس بىر كۈي.
كېلىدۇ
ساداسى ئۇزاقتىن ئۇزاق،
ئۇن ئىككى مۇقامدەك ياڭراق.
كەل ئۇماقلىرىم
كەلگىن يېقىنراق!
كۈڭۈل ئاچ
چۇچۇك تىللىرىڭ بىلەن
جۆر بول شۇ كۈيگە،
نازۇك يۈرىكىڭ تارلىرىنى چەك!
ئۈزۈلسە ئەگەر
بارچە تارلار
تار قىلغەتتاكى تومۇرلىرىمنى،
ئەگەر كۈڭلۈڭنى يايرىتالىسام
ئىپتىخارىم شۇ!

پىشانەمدە تەر
تەپچىرەر ھامان
ھەر تامچە تەرىم
مىسالى ئوكيان.
ئۆز بېلىقجانلىرىم
ئۈزگىن توختىماي،
ئۈزگىن
دەريا دولقۇنلىرىغا
دېڭىز ئۇيقۇنلىرىغا
ئوكيان چوڭقۇرلىرىغا.
ئۇيقۇنلار ئارا
سىلەرنى ئەركىن شۇڭغۇتالىسام
ئىپتىخارىم شۇ!

باغۋەنمەن
ئەلنىڭ باغۋىنى.
ئەجرىمگە
قەدرىمگە
بۇ بىر مەدھىيە.
كۆچەتلىرىم
نوتىلىرىم
ئۆسكىن سەپ بولۇپ،
يىلتىزلىرىڭدا مېھر تۇپىسى،
پەرۋىشچى باغۋەنىڭ ساڭا پاسبان.
كۆكلە
ئېچىل رەڭمۇ-رەڭ!

بال يىغسۇن
ئىچان ھەرىلەر شىرنىلىرىڭدىن،
مەي بولۇپ
مۇڭلىرىڭ پىشسۇن غوراڭدىن،
ئىپتىخارلىنىپ
ھۇزۇرلانسۇن خەلقىم ئۈنىڭدىن.
مەيلى
ئەتلىرىم
كەتسىمۇ قۇرۇپ،
شەربىتىڭدىن خەلقىمگە ئىچكۈزەلىسەم
ئىپتىخارىم شۇ!

ھۆرمىتىم
شۆھرىتىم،
نامىمدۇر ـ ئۇستاز.
مەنسۇپمەن تۇپراققا ـ
ئانا خەلقىمگە.
كەل شاگىرتلىرىم
كەلگىن يېقىنراق!
تەبەسسۇم مېھرىڭگە
ھېرىسمەن شۇنچە
ئېلىپ قەلەم
خەت يازاي ئاق بەتلىرىڭگە،
بوياق تۇتۇپ
رەڭلەر بېرەي سۈرەتلىرىڭگە،
كۆنلەرنى ئۇلاپ تۇنلەرگە
بېغۇبارقەلبىڭگە تىزاي مەن ئۈنچە.
مەيلى
سەرپ ئەتسەممۇ
بارچە ئەقىل جەۋھەرلىرىمنى،
ماغدۇرۇم ھەم ھاياتلىقىمنى،
سىلەرنى
ئۆزۈمدىن بىر بالداق
ئۆستۈرەلىسەم
ئىپتىخارىم شۇ!



ئاۋغۇست ئاپتىپى

(ھېكايە)

● چېن يۇلوڭ ●

بېكىتىلگەندە ئۆيدە جاڭجال كۆتۈردۈم. دادامنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى ئويلىسام ھازىرمۇ قورقۇم كېلىدۇ. مەن ئۆزۈمنى بىچارە ھېس قىلىپتىمەن. بىلسەم، دادام مەندىنمۇ بىچارە ئىكەن. مەن بۇ ئىشلارنى ئەكبەرگە خەۋەر قىلدىم. بىراق ئۇ نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ ئاشۇ

ئويلىمىدىڭ، مەن ھازىر بۇ يېزىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدىم... مەن ئەكبەر بىلەن مۇيەسسەرنىڭ خىزمەتدىشى. كۆندۈزلىرى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بولىمەن. كەچلىرى مۇيەسسەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىمەن.

كېتىپ، يۇيۇلمىغىلى بىر ئاي بولغان سىپىسىق پايپىقىنى تارتمىنى ئىچىپلا پۇرلەپ تىقىۋەتكەن ئىدىڭ. ھازىرغا قەدەر ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋەتتىڭمۇ- يوق، بىلمەيمەن.

سۆيگىنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن ھېلىقى كۈنى كەچتە، سەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلار

بەش يىل ئىچىدە كۆزەينىكىڭنى يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەككە بەش قېتىم ئالماشتۇردۇڭ. بىراق، ماڭا مەلۇمكى، سەن ھازىر كىشىلەرنى بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقىتتا قارىغاندا ئېنىق كۆرەلەيسەن.

پەتتار مۇھەممەت (ت)

ئاۋغۇست ئاپتىپى

(ھېكايە)

● چېن يۇلوك ●

ئاۋغۇست ئايلىرى.

پىژغىرىن ئىسسىقتا شياۋشيا بىلەن شياۋچيۇ ھەر كۈنى كەنت دوقمۇشىدىكى توپىلىق يولغا چىقىپ خەت كۈتەتتى. ئاپتاپ يولدىكى توپىنى كۆيدۈرۈپ مازغاپتەك يۇمشىتىۋەتكەن ئىدى. ئادەم قىزىق توپىدا ماڭسا پۇتتا بىردەمدىلا قاپارتقۇ پەيدا بولاتتى.

ئاخىرى بىر كۈنى ئىككىسىگە بىردىن ئىككى پارچە خەت كەلدى. شياۋشيا بىلەن شياۋچيۇ تەقەززالىق بىلەن كونۋېرتقا قاراشتى.

– سېنىڭ پايتەختتىڭكەن، مېنىڭكىدىن ياخشىكەن، – دېدى شياۋشيا.

– شاڭخەينىڭمۇ قېلىشمايدۇ، – دېدى شياۋچيۇ.

بۇ ئىككى ئاكا- ئۇكىنىڭ يېرىم ئايدىن بۇيانقى تىت- تىتلىقى ھازىرقى خۇشاللىقى بىلەن نەلەرگىدۇر غايىب بولغان ئىدى. شياۋشيا خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. ئۇلار ئاپتاپنىڭ ئوتتەك كۆيدۈرۈشىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقان ئىدى. ئۇلار ئوقۇغانسېرى ھەيران قالدى...

كېيىن ئۇلار ھەم خۇشال، ھەم پەرىشان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

– ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا شۇنچىۋالا كۆپ پۇل ئالامدىكەن؟ – دېدى دادىسى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن خەتنى كۆرۈپ. ئانا ئېغىر خورسىندى.

ئاۋغۇست ئايلىرىدا يېزىدىكى ئەڭ مول نەرسە – ئاپتاپ، ئەڭ كەم نەرسە – پۇل. پاختىنى بازارغا ئېلىپ چىقىدىغان چاغ تېخى كەلمىدى – دە!

ئاتا- بالا ئۈچەيلەن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىپ كەچتە قايتىپ كېلىشتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار توپلاپ كەلگەن پۇل ئوقۇش خىراجىتىنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمەيتتى. ئوقۇش خىراجىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاخىرى ئۆيىمۇ قۇرۇقدىلىنىپ، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسە قالمىدى. ئانا ئىلاجىسىز كالىنى سېتىۋەتتى. ئاۋغۇست ئېيىمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. شياۋشيا بىلەن شياۋچيۇنىڭ ئوقۇش

خىراجىتى ئىشى تېخى پۈتمىدى. ئۇلار مەكتەپكە بېرىپ، مۇدىر، ئىلمىي مۇدىرلار بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار بەك ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدى. ئۇلار ئىلاجىسىز مەكتەپ نامىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە خەت يېزىپ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئامال قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئاتا پىژغىرىن ئىسسىقتا ئۈچ كۈن چېپىپ يۈرۈپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن 2000 يۈەن قەرز پۇل ھەل قىلدى. ئۇ پۇلنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپلا يىقىلىپ چۈشۈپ ھۇشىدىن كەتتى. ھارغىنلىق، روھىي جەھەتتىكى جىددىيلىك ئاپتاپتا يېرىم ئەسىر ئەمگەك قىلغان بۇ دېھقاننى ھالسىراتقان ئىدى.

ئوقۇش خىراجىتى ئىككى ئوغۇلنىڭ بىرىنىڭكىگىمۇ يەتمەيتتى. ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بىرقانچە كۈنىلا قالدى...

ئويلىمىغان يەردىن بىر كۈنى پوچتالىيون بىر پارچە پۇل چېكى كۆتۈرۈپ كەلدى. چەكنىڭ سۆز قالدۇرۇش كاتەكچىسىگە «مۇبارەكلەيمىز! بۇ بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىئانىسى» دەپ يېزىلغان ئىدى. ئەۋەتىلگەن پۇل مىڭ يۈەن ئىدى. ئاتا ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ لەۋلىرى مىدىرلىدى، لېكىن ئۈندىمىدى.

خىراجەت پەقەت بىرەيلەنگىلا يېتەتتى. بۇ كۆڭۈلەرنى يەنە قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟

ھەممەيلەن ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى بىردەك كارىۋاتتىكى ئاتىغا تىكىلدى.

ئاتا بىر پەس جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغۇللىرىغا قاراپ:

«ھازىر پەقەت بىرلا يول بار. سىلەر غەرەز ئوقىدىغان بولۇپ قالدىڭلار. كىمنىڭ بېرىشىنى ئۆزۈڭلار قارار قىلىڭلار، چەك تاشلىساڭلارمۇ مەيلى، – دېدى.

شياۋشيا بىلەن شياۋ چيۇ ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى.

بىردەملىك سۈكۈناتتىن كېيىن شياۋشيا جىمجىتلىقنى بۇزدى:

– شياۋچيۇ، سەن بارغىن، سېنىڭ مەكتىپىڭ ياخشى.

– ياق، مەن سەندىن كىچىك، ئاكا، سەن بارغىن، – دېدى شياۋچيۇمۇ چىڭ تۇرۇپ.

شياۋشيا يانچۇقىدىن ھېلىقى قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى ئېلىپ يىرتىپ پارچە- پارچە قىلىۋەتتى. شياۋچيۇ ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ «ئاكا!» دەپلا شياۋشيانىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بولدۇقلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئاپتاپلىق بىر كۈنى شياۋشيا يول خىراجىتى ئۈچۈن 200 يۈەننى ئېلىپ، مەدىكار ئىشلەپ بولسىمۇ پۇل تېپىش ئۈچۈن جەنۇب تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئاتا- ئانا قاتمۇ- قات قەرزگە بوغۇلغان، شياۋچيۇنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈنمۇ يەنە نۇرغۇن پۇل كېرەك ئىدى. شياۋشيا ھەممەيلەن بىلەن بىر- بىرلەپ خوشلىشىپ، توپىلىق يولدا ئاستا- ئاستا ئۇزاپ كەتتى...

شياۋچيۇ ئاۋغۇستنىڭ تونۇردەك قىزىغان ئاپتىپىدا توپىلىق يولدا تۇرۇپ، مازغاپتەك يۇمشاق، توزانلىق توپىغا پاتقان چوڭقۇر قەدەم ئىزلىرىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى...

(«تاللانغان مىكرو ھېكايىلەر»دىن)

ئەسقەر ئەھمىدى (ت)

بىر كىشى پويىز ئىستانسىسىغا كېلىپ، ئىستانسا باشلىقىدىن سوراپتۇ: «تېز پويىز ئۆتۈپ كەتتىمۇ ئەپەندىم؟»

– ئۆتۈپ كەتتى ئەپەندىم.

– ئادەتتىكى پويىزمۇ مېڭىپ كەتتىمۇ؟

– سەككىز يېرىمدىلا مېڭىپ بولدى.

– ئۇنداقتا يۈك پويىزىچۇ؟

– يۈك پويىزى يېرىم كېچىدە كېلىدۇ.

– ئۇنداقتا، ھازىر كېلىدىغان پويىز يوق، شۇنداقمۇ؟

– شۇنداق- ئىستانسا باشلىقى ئاچچىقلاندى – نېمە بۇنداق سوراۋېرىسىز! سىز قەيەرگە بارماقچى؟

– مەن تۆمۈر يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمەكچى ئىدىم.

* * *

ساقچى ھازىرلا تۇتۇۋېلىنغان ئوغرىدىن سورىدى:

– سەن نېمە ئۈچۈن دائىملا مۇشۇ دۇكانغا ئوغرىلىققا كىرىسەن؟

– بۇ دۇكان ئۆيۈمگە يېقىن – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغرى – سىلەر بىلىسلەر، ھازىر جەمئىيەت بەك قالايمىقان. مەن ئۆيۈمنى ئۇزۇن ۋاقىت تاشلاپ قويالمايمەن.

ئۈستۈرەلسەم

ئىپتىخارىم شۇ!

ئېچىل رەڭمۇ- رەڭ!

كۆكلە

ئۇسسۇزلۇقىڭنى قاندۇرالسام

ئىپتىخارىم شۇ!

قەلبىمدە ياڭرار

ئۈزۈلمەس بىر كۈي.

كېلىدۇ

ساداسى ئۇزاقتىن ئۇزاق،

ئۇن ئىككى مۇقامدەك ياڭراق.

كەل ئوماقلىرىم

كەلگىن يېقىنراق!

كۆڭۈل ئاچ

كۈلگىن شاد- خۇرام،

* * *

مەلۇم ئىدارىنىڭ ئىشچىسى شياۋۋاڭ ئايالى بىلەن بىرلىكتە ئىدارە ئاشخانىسىنى كۆتۈرە ئېلىۋاپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار موما سالغاندا، ئېچىتقۇنى بەك ئاز ئىشلىتىپ قويغاچقا، مومىسى پەقەتلا ئوخشىماپتۇ. ئەر- ئايال ئىككەيلەن بۇ زىياندىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇلار ئىشىك ئالدىغا بىر ئېلان چاپلاپتۇ. دېگەندەك، تاماق ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ مومىسى بىردەمدىلا سېتىلىپ بولۇپتۇ.

ئەسلىدە، ئۇلار ئېلانغا مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «ئاشخانىمىزدىكى ئايال خىزمەتچى موماغا خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئالتۇن ئۈزۈكنى خېمىر ئارىسىغا چۈشۈرۈپ قويغان. بايقىغۇچىلارنىڭ ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشىنى سورايمىز. سۆيۈنچە بېرىلىدۇ.»

تەجرىبە

بىر ئوقۇغۇچى ئۆمۈچۈككە ئىنتايىن قىزىقىپ قالدى. ئۇنى جەلپ قىلغان نەرسە شۇ بولدىكى، ئۆمۈچۈكنىڭ قۇلىقى يوق، ئەمما نۇرغۇن پۇتى بار ئىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر ئوي كەلدى: «ئۆمۈچۈكنىڭ نۇرغۇن پۇتى تۇرامدۇ؟ بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى چوقۇم ئۇنىڭ ئاڭلاش ئەزاسى.» ئۇ بۇ ئويىنى ئوقۇتقۇچىسىغا ئېيتىۋىدى، ئوقۇتقۇچى ئۇنى رىغبەتلەندۈردى: «بۇ ياخشى تەسەۋۋۇر. بىراق، سەن بۇنى بىرەر تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلىشىڭ كېرەك».

بۇ ئوقۇغۇچى بىر تەجرىبە ئىشلەپ، تەجرىبە خۇلاسىسىنى ئوقۇتقۇچىسىغا بەردى. خۇلاسە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

تەجرىبە مەقسىتى: ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاش.

تەجرىبە سايمانلىرى: ئۆتكۈر پىچاق، ئۆمۈچۈك، ئۈستەل.

1- تەجرىبە جەريانى: ئۆمۈچۈكنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئۇنىڭغا «ئۆمۈلە» دېدۇق. نەتىجىدە ئۇ ئۆمۈلىدى.

2- تەجرىبە جەريانى: پىچاق بىلەن ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتلىرىنى كېسىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئۇنىڭغا «ئۆمۈلە» دېدۇق. نەتىجىدە ئۇ ئۆمۈلمىدى.

خۇلاسە: ئۆمۈچۈك ئاڭلاش ئەزاسى يوقالغاچقا ئۆمۈلمىگەن. چۈنكى ئۆمۈچۈك ئاۋازنى پۇتى ئارقىلىق ئاڭلايدۇ.

(«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەرمىلىرى»دىن)



قارغۇلارچە ئېچىش



↑ قۇربانجان روزى شەيدائى يازغان

← ياسىنجان ئايۇپ يازغان

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - قورۇ باش مۇھەررىر تېلېفونى: 2860915، تەھرىر بۆلۈم تېلېفونى: 2860867 پوچتا نومۇرى: 830001 ھەرسەيشەنبە كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ